مەسنەۋى گۈلىستانى

# ئايەتنىڭ بېشى ھەستۇر

(«ئەي بالام»، «قىممەتلىك سائادەتلەر»)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئاپەتنىڭ بېشى ھەسەتتۇر

(«ئەي بالام»، «قىممەتلىك سائادەتلەر»)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: زىيا مۇھەممەت

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

忌恨是灾难的源头：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-788-7

I. 忌… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024488 号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　忌恨是灾难的源头
编　　著　孜亚·穆罕默德
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN　978-7-80744-788-7
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com


**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلىستانى

**كىتاب ئىسمى:** ئاپەتنىڭ بېشى ھەسەتتۇر

**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى

**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت

**تۈزگۈچى:** زىيا مۇھەممەت

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم

**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**باسقۇچى:**

**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 3

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-788-7

**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئاپەتنىڭ بېشى ھەسەتتۇر» دېگەن كىتابتا شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تونۇلغان مەشھۇر ئۆلىما ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل غەززالىي (1059 – 1111) نىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەلىم - تەربىيىگە دائىر مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىز سەپەرگە ماڭغان

— گۆردىكىلەر سېنى تاكى سەن ئۆلەرنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغۇچە ھەر ۋاقىت ساقلاپ تۇرىدۇ. دىققەت قىل! سەپەرگە قۇربىڭ يەتمەي تۇرۇپ ئۆلەرنىڭ يېنىغا بارما.

غەززالى

ئادەمنىڭ دېمىنى سىقىپ، گالنى بوغىدىغان دىمىق ئىسسىق، قۇياش مۇئەللەقتە ئېسىلىپ بولۇشىچە قىزىماقتا. زېمىن قاغجىرىغان، يىلدا بىر قېتىم ئازغاندەك يېغىپ سالىدىغان قار ـ يامغۇرنى دېمىسە، قىش ـ ياز قاغجىراپ، ھالسىز سوزۇلۇپ ياتىدىغان چۆل ۋىل ـ ۋىل قىلىپ كۆيمەكتە. كۆز يېتىم ئارىلىقتا بىرەر تۈپ گىياھنىڭ ئۇچرىشىمۇ تەس گەپ. ئۇچرىغاندىمۇ ناگان ـ ناگاندا كۆتمەكلىشىپ كەتكەن قومۇش كۆتەكلىرىدىن بىرەر ـ ئىككى غېرىچچە ئۆسۈپ قاقشالدەك قورۇلۇشقا باشلىغان، يوپۇرماقلىرى شورلۇقتا ئۆسكەن تاز شىۋاقتەك قاتتىق، يىرىكلىشىپ بالدۇرلا سارغىيىپ كەتكەن قومۇش، ئاندا ـ ساندا قېرى يۇلغۇن ۋە قوۋزاقلىرى قۇرۇپ قاقشال بولغىنىدىن پۇرۇم ـ پۇرۇم

تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۈستىخاندەك ئاپئاق توغراق ـ جىگدە پارچىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىبقىن ئىزلىرى قۇرۇغان، تۇپراق چاك ـ چاك يېرىلغان، بىرلا قارىسىڭىز زېمىن ھازىرلا گۇررىدە ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك ياكى قاغجىراپ ياتقان توپا ـ تاشنىڭ ئاستىدا غايەت زور ئوت يالقۇنى تىنىمسىز گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. كىم بىلىدۇ؟ ئىبقىنلار شۇڭغا تارتىلىپ، تۇپراقلار شۇڭغا قۇرۇپ كەتكەندۇ؟ توپا دېگەن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، چاپلىنىپ تۇرىدىغان. بۇ قۇملار ئاقىدۇ، دانىمۇدانە بولۇپ شىرقىراپ ئۇچىدۇ. قىزىق چۆل ھاۋىسىدا قاينىتىلغان قازاندىن بۇس ئۆرلىگەندەك تىنىمسىز ئوتتەك قىزىق تەپ ئۆرلەپ تۇرىدۇ. قارىسا يېقىنلا يەردە ئاقباش تاغلار چوقچىيىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر ياققا قارىسا بۇغداي باشقىچىلىك چوڭلۇقتا قارا ـ قۇرا يېشىللىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئازراقمۇ نەملىكنىڭ ھېد ـ پۇرىقى يوق. تېخى ئەتىگەندىلا كۆزەك پاقلاننىڭ ياش گۆشىدە ئوخشىتىپ شورپا سېلىپ ئىچىپ، چاۋا يېغىدا ياغ قاپىقىدەك پارقىرىشىپ مايلانغان يۈز ـ كۆز، قوللار ئىسسىق، قۇرغاق چۆل شامىلىدا قومۇش ئورۇغاندەك يىرىكلىشىپ، كۆيۈشۈپ ئېچىشىپ تۇرىدۇ. كالپۇكلار گەز باغلاپ، دوردىيىپ كېتىشكەن، قاياققىلا قارىسا قۇم، تاش، يېلىنجاپ تۇرغان چۆل ۋادىسى، كۆزلەر تالغىنىدىن قىزارغان، ئىششىغان قاپاقلار ساڭگىلاپ كەتكەن.
— قاچان چىقىپ بولارمىز بۇ قارغىش تەگكۈر

چۆلدىن. ئەجەبمۇ جېنىمنى سىقتا؟

تىنچىقتىن ئىچى پۇشۇپ پوكاندەك ئېسىلىپ كەتكەن يىگىت بىزەڭلىك بىلەن ئاتنىڭ كەگرى ساغرىسىدا ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۇچۇپ يۇرۇپ ئۇنى تېخىمۇ جىلە قىلغىلى تۇرغان چىۋىننى غەزەپ بىلەن ئالىقاناپ ئۆلتۇردى ـ دە، يولنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ سېرىق، كەڭ كەلگەن يۇزى قىزىرىپ چىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى، قاپاقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاغرىپ كەتتى. ھېچكىم ئۇندىمىدى. قوي تېرىسىدە تاراشلاپ ياسالغان ئۇجمە دەستىلىك ئېغىر قامچىسىنى ھاۋادا ئىككى ـ ئۇچنى قارسىلدىتىپ ئاتنى ھۇركىرىتىپ چاپتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، تەرلەپ مىچ ـ مىچ بوپكەتكەن ئاق شاپاق دوپپىسىنى تىزىغا قويدى. ئاپتاپ نەم كاللىدا ۋىلىلداپ كەتتى. ئۇ قۇياشقا زەردە بىلەن ئالىيىپ قويۇپ دوپپىنى يەنە بېشىغا ئاتتى ـ دە، پوكىنى يىرتىلغۇدەك چىڭقىلىپ ناخشا توۋلىغىلى تۇردى:

چۆلمۇچۆللەردىن يىراق...

ئات تۇيۇقسىز يەر يېرىلغاندەك گۇمبۇرلەپ چىققان بۇ ئاۋازدىن ئۇركۇپ جەھلى بىلەن سىلكىنىپ ئالدىغا تاشلاندى. ھارۋىدىكى ئىسسىقتا بوغۇلۇپ دىمىقىپ ئولتۇرغان ئۇچەيلەن تۇيۇقسىزلا «توگدىن ھوك» چىققاندەك كۆتۇرۇلگەن قوپال ئاۋازدىن چۆچۇپ ئۆرە بولۇپ بولغىچە، ئات بىر چېپىۋىدى، ئالدىدىكى ئىككىسى

ئارقىسىغا ئوڭدىسىغىچە چۈشتى. ھارۋىنىڭ كەينى تەرىپىدە بەدەشقان قۇرۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان يىگىت ئۆزىنى رۇسلاپ ئۈلگۈرەلمەيلا شورتاڭغۇ توپىلىق يولغا پالاقلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ھوي؟ — قارىسا ئەمدىلا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تاشلاپ بوسۇغا ئاتلىغاندەك كۆرۈنىدىغان سۆرۈن چىراي بالا ئات ھەيدەۋاتقانىنىڭ تەرىدىن ھۆل بولغان كەڭرى يەلكىسىگە بىرنى قويۇپ يەنە ۋارقىرىدى، — ئاتنى توختىتىڭ، ھاشىمكام يىقىلىپ چۈشتى.

يىگىت قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماستىن ناخشىسىنى تېخىمۇ ۋارقىراپ ئوقۇغاچ چوقالغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئاتقا قامچا سالغىلى تۇردى.

چولاق دېگەننىڭ سايلىرى.
چۈش، خىيالنىڭ كۆلىگە چۈشسە،
ئىگىسىنى تاشلار تايلىرى.

يىقىلغان يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈپ سالدى ۋە بوراندەك چىپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا باشلىدى.

— چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، بەردىكا، ئاتنى توختىتىڭ.

— پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپمۇ قالغاندۇ، راھەتلىنىپ

قالىدۇ.

— نېمىسى راھەتلىنىدۇ. تازنى ئەپچىقىپ قويساڭ بېشىدا ياغ قاينايدىغان بۇنداق قاقىرامدا يۈگۈرۈپ بولالماي تالجىقىپ يىقىلىدىغان گەپ.

— يۈگۈر ھاشىم، بولە. ئېتى نوچىمۇ، ئىگىسىمۇ؟ كۆرىمىز.

— بەردى، بولدى قىل، — دېدى چوقالغا جايلىشىپ تېلىقىپ كۈلۈۋاتقان يەنە بىر قارىمۇتۇق، چىرايى قاتاڭغۇ كەلگەن يىگىت.

— ھاشىم يالاڭ ئاياغكەن، پۇتىنى كۆيدۈرۈۋالمىسۇن يەنە.

— ۋا... خالىد، ھەممىڭ نېمانداق خېنىم مىجەزلىشىپ قېلىشتىڭ. سەنمۇ ساۋۇتەك، قارىغىنە تېرەڭگە. تۇتسا سۇت چىقارمىكىن دەپ قالىمەن بەزى. داداڭ ھەمدۇللاخۇن تاپىنىدا قىچىقى بار، بىر يەردە جىم تۇرالمايدىغان، ئۆيگە كىرسە تۆت تامنىڭ ئىچىنى كۆرسە جېنى سىقىلىپ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالىدىغان ئادەم. سەنچۇ! قازناقتا سولاپ نان تاشلاپ بېرىپ باققان خانقىزدەك سۇزۇك، نازۇك، ئاكاڭغا قارىغىنا، يۈگۈرۈشىدىمۇ ئاتىنىڭكىدەك بەردەملىك بار. كۆكسى ھاۋاغىمۇ گۈپ - گۈپ قىلىپ ئۇرۇلىدۇ. زېمىنغا دەسسەپ بولغىچە توپا سېنىڭ ئەر - ئاياللىقىڭنى بىلەلمىسە يەرنىڭ تۇزىنى كۆتۈرەلمەيسونوي... قېنى ھاشىم چاپ...

بەردى قويۇق قاشلىرىنى شوخلۇق بىلەن ئېتىپ

قويۇپ جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھاشىمغا قاراپ بەدەشقان قۇرۇپ چاۋاك چالغىلى تۇردى:

ھەي يىگىت، ھەي ـ ھەي يىگىت،
ياۋغا ئۆزۈڭنى ئات يىگىت.
ياۋغا ئۆزۈڭنى ئاتمىساڭ،
مازارغا بېرىپ يات يىگىت.

بەردىگە گەپ ئۆتمىدى. خالىد بىلەن ساۋۇتمۇ ھاشىمغا قاراپ «يۈگۈرە ئاكا، يۈگۈرە. ئازلا قالدى. يامان بولساڭ يېتىشىۋالىسەن» دەپ چۇرقىراشقىلى تۇردى. ئات قىيا ـ چىيادىن ئۇركۇپ قىيان چاپقۇسىغا چۇشۇپ كەتكەنىدى. ھاشىممۇ بوش كەلمىدى. ھارۋا يولى خېلىلا قاتتىق بولغاچقا ئاتنىڭ توپا ـ تۇتەكلىرى تارقاپ بولالماي تۇرۇپلا ئۇمۇ ئىككى تاقلاپ پەيدا بولدى ـ دە، ھارۋىغا قاراپمۇ قويماستىن ئاتنى يانداپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بەردى ئارقىسىغا شاپىدە بۇرۇلۇپ قامچا دەستىسىنىڭ پايىنىكىدىكى ئۇچلۇق قىلىپ دەستىگە قېقىۋېتىلگەن ياقۇت كۆزنى ئاتنىڭ ساغرىسىغا غەزەپ بىلەن نىقتىدى. ئات چىچاڭشىپ غەزەپ بىلەن چاپقىلى تۇردى. ھارۋىنىڭ چاقى يەرگە تېگەر ـ تەگمەي، قاڭقىپ ـ سوقۇلۇپ پىرقىرايتتى. خالىد بىلەن ساۋۇت ھارۋىدىن ئۇچۇپ چۈشمەسلىك ئۇچۇن چوقالغا بار كۈچى بىلەن ئېسىلىپ ھارۋىغا چاپلىشىپ يېتىۋالغانىدى. بەردى ئۆرە

www.uyghurkitap.com

بولۇۋالغان، تىزگىنىنى توختىماي سىلكىپ ئاتنى قامچىلايتتى. سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇيۇن كەلگەندەك ئاسمان ـ پەلەك توپا ـ تۇمان ئۆرلەيتتى. بەردىنىڭ «چۇ...چۇ...» دەپ بوم ئاۋازدا گۈركىرىشى، چاقنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇشى، ئاتنىڭ تۇيىقىنىڭ رىتىملىق گۈپۈرلىشى، خالىد بىلەن ساۋۇتنىڭ «بەردى، ھۇي بېشىنى يەيدىغان ساراڭ. توختات دەيمەن، ئاستىراق. ھارۋىنى سۇندۇرساڭ ھەممىمىز مۇشۇ چۆلدە ئۆلىمىز...» دەپ چىرقىراشلىرى، ھاشىمنىڭ «باشتاقلاپ قويۇپ بەر، قانتى بولسا ئۇچۇر» دەپ «ھۇيت ـ ھۇيت» قىلىپ چىرقىراشلىرى تېخى باياتىنلا ئۆلۈكتەك جىمجىت، ھالسىز سوزۇلۇپ ياتقان چۆلنى بىر ئالدى. يەر تەۋرەۋاتقاندەك دۈپۈر ـ دۈپۈر ئاۋاز نېرىقى تاغلاردىن يېنىپ پۈتۈن چۆلنى تىترىتىپ توختىدى. نەلەردىندۇر پەيدا بولغان قاغا ـ قۇزغۇنلار قاقىلدىشىپ قاچتى...

— بولدى، قول قويدۇم ھاشىم. چىقە ھارۋىغا، خۇدايىم پۈت ـ قولۇڭنى چىڭ قىلسۇن، ھەرگىز دەرد بەرمىسۇن. ئۆزۈڭنىمۇ شۇنداق ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئېرىمەس، بوراندا ئۇچماس مەھكەم قىلسۇن....

ھاشىم ئاستىلاپ بوراندەك چېپىۋاتقان ئات ھارۋىسىغا سەكرەپ چىقىۋالدى. ئۇ خېلىغىچە ھاسىراپ توختىيالماي قالدى. ئېغىزىدا نەم دىدارى قالمىغان، چىرايى بوخسۇپ چىققان، توپا ـ تۇمان بىلەن ئاققان تەر قوشۇلۇپ لايدا سۇۋالغاندەك رەسۋالىنىپ كەتكەن ئىدى.

بەردى ئۇنىڭ دولىسىغا مۇشتلاپ چاپلىشىپ كەتكەن ماتا كۆڭلىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۇستىخان، بۇلجۇڭ گۆشلىرىگە زوق بىلەن قاراپ قويىدى. يانچۇقىدىن چۆرىسىگە ئوتتۇرىسىغا بىر جۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى چىقىرىپ يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈشكە بەردى.

ـــ ئوسالكەنسىز بەردىكا، ـــ دېدى ساۋۇت ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ.

ـــ ئاكاڭغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدا؟ ۋاي سويمەك، ئاكاڭ ئىچ ئاغرىتىشقا موھتاجمۇ؟

ـــ كۆرمىدىڭىزمۇ توپىغا مىلىنىپ، سۇدىن چىققاندەك بوپكەتكىنىنى.

ـــ ھەي، ھەي، بالاتەنتەك،توپا دېگەن قورقىدىغان نېمىمىتى! خۇدايىم ئادەمنى توپىدىن، لايدىن يارىتىپتىمىشكەن. دېمەك سەنمۇ توپا بىلەن سۇدىن كەلگەن. توپا بولمىسا زېمىن بولمايدۇ. زېمىن بولۇپ سۇ بولمىسا ئادەممۇ بولمايدۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ. تۇغۇلغاندا ئەتلىمە گۆشتەك ئاجىز يۇمشاق ھالدا دۇنياغا كېلىسەن. توپا ئۇستىخىنىڭنى قاتۇرىدۇ. پېيىڭنى چىڭىتىدۇ. ساڭا كۈچ ـ مادار بېرىدۇ. تۇتسا ئېزىلىپ كېتىدىغان خام ـ خاتىلا، زەئىپ تەنلەر توپا بولغاچقىلا ئاندىن زېمىنغا راۋۇرۇس دەسسەپ ئۆرە تۇرىدۇ. سەندەك، مەندەك بولىدۇ.

ـــ سۆزلە بەردىكا، ـــ دەپ قويىدى خالىد ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ. ساۋۇت قىزىرىپ كەتتى.

ـــ خېنىمدەك قىزارما ساۋۇتەك، گېپىم ئېسىڭدە

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن. ئاكاڭ هاشىم بىلەن ئىككىمىز دەريا بويىدىن كىرمەيتتۇق، مەيلى كەلكۇن كەلسۇن ياكى سۇ تارتىلغان چاغدا بولسۇن سۇغا كىرىۋېلىپ قۇمچاقتەك ياتاتتۇق. كۆز قىزىرىپ، مۇشتتەك پولتايغىچە پىششىپ تۇتۇشماق ئويناياتتۇق. هارغاندا بولسا قىرغاققا چىقىپ چوغدەك قىزىق قۇمغا مەيدەڭنى يېقىپ كۆمۈلۈپ ياتساڭ... پاھ ئۇنى بىر دېمەيسەن، خەقلەر سۇ دېگەن سوغۇق نەرسە جىق چۇشسەك بېشىڭنى كۆتۈرەلمەي قالىسەن. خامۇشلىنىپ بەدىنىڭ لاتىدەك بوشاپ كېتىدۇ دەيدۇ، يوق گەپ. بوشىسا مەن، هاشىم بۇ چاغدا خېمىردەك يۇمشاپ نە ـ نەلەرگە ئېقىپ كەتكەن بولاتتۇق. ياكى بولمىسا داداڭ بۇ چاغقا نان تاشلاپ بېرىپ يوتقاننىڭ بۇلۇڭىغا تىقىپ يۆگەپ باقاتتى.

— راست دەيدۇ، ئۇكام، سۇ دېگەن ئۇستىخىنىڭنى يارىدۇ. قۇمغا چىقىپ قىزىق توپىدا سۇنايلىنىپ، كۇننىڭ نۇرىغا قاقلىنىپ ياتىدىغان بولساڭ، قۇمنىڭ قىزىقى هەر بىر ئۇگە ـ ئۇگەڭگىچە كىرىپ تېنىڭنى چىڭدايدۇ. ئاپتاپ پۇت ـ قولۇڭنى تاۋلايدۇ. مەزمۇت بولىسەن. ئىنسان توپىدىن يارىتىلغاندەك تۇرلۇك ـ تۇمەن كېسەللەرگە شىپامۇ توپىدا دەيدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆسۈملۈكلەرگە كۆچمىش. بەزىلىرى هايۋانلارغا، تاشلارغا، جاهاندىكى هەممە نەرسىگە كۆچۈپ شۇلاردا ساقلىنىمىش. سەنمۇ ئۇنى تاشلىۋەتمەي ئۇنىڭدىن قاچماي يېقىنراق ياشىساڭ ئۇمۇ سېنى ئىززەتلەيدۇ.

ئۆزۈڭنى بەردەم، سۆزۈڭنى شېرىن قىلىدۇ. سېنى كۆتۈرىدۇ. ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ.

— باياتىن ئاغرىندىڭ ساۋۇتەك، — دېدى بەردى ساۋۇت بىلەن چىقىشىپ، — قىزىق قۇم بۇ چاغقا ئاكاڭنىڭ يىلىكىنى توغراقتەك قاتۇرۇۋەتتى. ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. باياتىنقى دىمىقلىق يوقىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا قېپقالغىنى بىر خىل كۆتۈرەڭگۈ ھاياجان ئىدى. ساۋۇت بەردى بىلەن ئاكىسىنىڭ يېقىنچىلىقىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ خىجىل بولدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تېنى بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئارىسىدا خۇددى ئۇچ تۈپ توغراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈنۈپ چىققان توغراق نوتىسىدەك يۇمران، نازۇك ئىدى. توغراقنىڭ نوتىسىدىنمۇ توغراق ئۆسىدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ بىردىنلا مەغرۇرلۇق بىلەن.

— گەپ قىلە ساۋۇتەك، سەن بەگلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باققانمۇ؟

— بارغان، دادامىمۇ بەگقۇ؟

— نېمە؟

بەردى، خالىد، ھاشىم ئۇچى تەڭلا ساۋۇتنىڭ ئېغىزىغا قارىدى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ داداڭ كىمگە، نەگە بەگكەن؟

— دادام بىر قېتىم ماڭا شۇنداق دېگەن. ئۇ ئۆزگە

ئۆزى بەگكەن. سىنىڭ ئىشلەمچىلىرىڭ بولمىسا، باشقىلار يا سەندىن قورقمىسا، سەن قانداق بەگ دېيسەم ئۇ «سەن ئۇقمايسەن» دەپلا قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئۇچەيلەن جىمىپ كەتتى. ھارۋا چاقىنىڭ داراقلاپ يورغىلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاشىم كۆنچىقىش تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ پىچىرلاپ قويدى. دادام راست دەيدۇ. تالاي ئادەم باشقىلارغا خوجا، بەگ بولۇشنىڭ كويىدىلا قالىدۇ. ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۆزىدىن ئۇلۇغ بەگلىك يەنە نەدە بار؟ لېكىن نۇرغۇن ئادەم نېمىگە كېلىدۇ، نېمە ئېلىپ كەتكىنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. جاھاندا مۇنداقلار كۆرمىڭ دېگىنە...

ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى، قارىغاندا ھەممىسى بۇ گەپلەرنىڭ ۋەزنى توغرىسىدا ئۆزىچە ھەر خىل خىيال قىلىۋاتقاندەك ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغانلا ئىش يۈز بەردى. بىر ئوبدان يورغىلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئات بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك شاپپىدە توختىدى. ئۇنىڭ تەردىن نەمدەلگەن قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ، بېشى ئاللىقانداق خەۋپنى سەزگەندەك چۆچۈپ، ئېھتىيات بىلەن ئۇياق - بۇياققا سىلكىنىشكە باشلىدى. نەپەس ئېلىشىمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. ھارۋىدىكى تۆتەيلەن بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك، ئۇنىسىز، ئەنسىز بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى - دە، ئاتتىنمۇ بەكرەك ئېھتىيات بىلەن تۆت ئەتراپقا بويۇنداشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئات تۇيۇقسىز قاتتىق كىشنەپ

www.uyghurkitap.com

تاشلىدى ۋە يۇلقۇنۇپلا يولدىن چىقىپ يان تەرەپتىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل سايغا قاراپ چاپقىلى تۇردى. ھارۋىدىكىلەر مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى ئوڭشاپ جايلاشتى.

— يا پىرىم، — دەۋەتتى ئۆزىنى ئەمدىلا ئوڭشاپ ئەتراپقا قارىغان بەردى كالىلىسىغا شاپىلاقلاپ.

ئۇلاردىن 20 قەدەم نېرىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا غايەت زور قويۇن تۇۋرۇكى ھەممىسىنى سۆرەپ تارتىپ، ئۆرۈپ، غۇلىتىپ غۇيۇلداپ كېلىۋاتاتتى. ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزان گويا زېمىندىكى بارچە نەرسىنى ھازىرلا يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا شىددەت بىلەن يۇرەتتى. ئات جانىۋار تۇيۇقسىزلا كۆتۈرۈلگەن بالا ـ قازانى سەزگەندەك ئالدىنئالا ھوشيارلاشقان ئىدى. مانا ئەمدى تېخىمۇ تېزلىك بىلەن سايىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۆزىنى ئۇراتتى. ھارۋا ئېگىز ـ پەس تاشلىق سايدا ھازىرلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك دارقىراشقىنىپ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلاتتى. ھارۋىدىكى ئۈتەيلەن داپقا چۈشكەن مايا قتەك سەكرەپ، ئۇچۇپ چۈشۈشتىن قورقۇپ ئۆلەر تىرىلىشىغا باقماي قولىغا چىققانلىكى يەرگە ئېسىلىشقا ئۇرۇناتتى. بەردى ئاتنىڭ يۈگىنىگە ئېسىلىپ كۈچىنىڭ بارچە ۋارقىرايتتى...

— توختا دەيمەن ئۆلگۈر، ۋۇ...ۋۇ دەيمەن ئاناڭنى.

ئات توختىمايتتى، كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان بوراننىڭ قورقۇنچلۇق نەرسى ئۇنى ئۈركۈتۈپ ساراڭ قىلاتتى. ساۋۇت ئاللىقاچان يىغلاپ قىرقىراپ

كەتكەن ئىدى. ھاشىم ئۇنى بىر قولىدا چىڭ قولتۇقلاپ يەنە بىر قولىدا چوقالنى تۇتقىنىچە بەردىگە ۋارقىرىدى:

— ھەر قانداق قىلساڭ قىل، ئاتنى توختات، بەردى. تېز بول، بولمىسا ساراڭ ئات ھەممىمىزنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

— كەينىمىزدىكى قۇيۇننى كۆرمىدىڭما؟

— ئامال يوق، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز. ئاتقا قويۇۋەتسەڭ ھارۋىنى تاشقا ئۇرۇپ، ھەممىمىزنى يەتتە قات يەرنىڭ قارنىغا تىقىۋېتىدۇ...

قۇيۇن دەھشەت بىلەن گۈركىرەپ تاپ باستۇرۇپ يېتىپ كەلمەكتە. ئات تەلۋىلەرچە چىچاڭشىپ ئۆزىنى ھەر يان ئاتماقتا. ھەممىنى ئېيتىپ بولغۇسىز ۋەھىمە قاپلىغان...

— خالىد، ساۋۇتنى چىڭ تۇت... — ھاشىم ساۋۇتنى خالىدنىڭ قۇچىقىغا ئىتتىردى - دە، توۋلىدى.

—چىڭ يېتىۋېلىڭلار، چاپان بىلەن بېشىڭلارنى چۈمكەڭلەر، بەردى سەن ئاتنىڭ يۈگىنىنى چىڭ تارت.

ھاشىم بىر - بىرىنى تەستە ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان چاڭ - توزاندا ۋارقىراپ توۋلىدى - دە، كەينىدە ئاسمان - پەلەك ئېگىزلىكتە تولغىنىپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك قۇيۇنغا قاراپ قويغاندىن كېيىن «يا ئاللا ئۆزۈڭ بار» دېگىنىچە چوقالنى تۇتۇپ ئۆردى ۋە ئاستا ئۆمىلەپ ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتقىنىچە ھارۋىنىڭ شوتىسىغا دەسسەپ ئالدىغا ماڭدى:

— ھاشىم ئاۋايلا.
بەردىنىڭ ئاۋازى نەلەردىندۇر غۇۋۋا يېتىپ كەلدى. ھاشىم يۈگەننى چىڭ تۇتۇپ ئالدىدىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل سايىنى سەل - پەللا ئىلغا قىلدى - دە، سەكرەپ چۈشكىنىچە ئاتنىڭ يۈگىنىنى سىلكىپ يانغا تارتتى ۋە كۈچ بىلەن تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. تۇيۇقسىز تارتىشتىن ئات سىلكىنىپ توختىدى. ھاشىم دەرھال ئاتنىڭ بېقىنىغا بازغاندەك يوغان مۇشتى بىلەن بىرنى سالدى ۋە ئاتنىڭ بېشىنى يانغا بۇراپ قويۇۋەتتى. ئات يان يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ چېپىپ بولغۇچە ئاسمان - زېمىننى كۆمتۈرۈپ قارا قۇيۇن باستى ۋە ھەممە نەرسىنى ئۇچۇرۇپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. پەقەت گۈلدۈر - غالاپ قىلغان ئاۋاز، قۇم - توپىنىڭ تاش - شېغىللارنى ئۇچۇرۇشىلا قېپقالدى. باياتىنلا تىمتاس تۇرغان چۆل بىردىنلا قىيامەت قايىم بولغاندەك ئۆرتۆپە بولۇپ كەتتى...
ھاشىم كۆزىنى ئاچقاندا بەردى ئۇنىڭ بېشىدا بىر نوگايدا سۇ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ھاشىم بەدىنى چېقىلىپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك ئېغىر ۋە ئاغرىق ھېس قىلدى. بېشىنى كۆتۈرەي دەپمۇ كۆتۈرەلمىدى.
— بولدى قىل، پالۋانلىقىڭنى ئەمدى ئىشلەتمە، جىم يات، — دېدى بەردى مىيىقىدا كۈلۈپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىسسىق كۆيۈنۈش كېلەتتى.
— نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟— سورىدى ھاشىم

www.uyghurkitap.com

گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىنى يالاپ تەسلىكتە.

— بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بولدى، — كۆلدى بەردى، — ئاتمۇ ئۆلدى، ھارۋىمۇ سۇندى. ساق قالغانغا شۇكۇر دە.

— ساۋۇت بىلەن خالىدچۇ؟

— ئارسلىنىڭغا ھېچ ئىش بولغىنى يوق. خالىدنىڭ يۈز - كۆزلىرى سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ياندىكى ئۆيدە ۋايجانلاپ ياتىدۇ. تاشنىڭ ئارىسىدىن تاپتۇق. ھەقاچان دەرد ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتىمىكىن، ئىشقىلىپ ساق، بولدى. قالغىنى خۇدايىمغا ئامانەت.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى، بىز قەيەردە! — ھاشىم ئالاڭلاپ ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىغا ۋە ياندىكى پەنجىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھويلىغا قاراپ قويدى.

— جاڭگالدا پادا باقىدىغان قويچى بوۋايكەن. قۇيۇندا يىتكەن قويىنى ئىزدەپ چىققانىكەن. سەنلەرنى قانداق قىلارمەن، دەپ بېشىم قېتىپ تۇرسام، خۇدا ئەۋەتكەنلەر نەق ئالدىمغا ئۆزى كەپقالدى. سادىغاڭ كېتەي. ھەر قايسىڭنى قۇتقۇزۇپ قالدى دېگىنە...

ھاشىم بىر نىمىلەرنى پىچىرلىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ يېتىشىغا بوۋاي كىرىپ كەلدى:

— ھوشىغا كەلدىمۇ بۇ بالىجان؟ — دېدى بوۋاي بەردىگە قاراپ. جاۋاب ئورنىغا ھاشىم كۆزىنى ئېچىپ ئۆرۈلمەكچى بولغانتى. بولالماي ئىنجىقلاپ ۋارقىراپ كەتتى.

— يېتتۇۋال يىگىت، ئاغرىغاندا ياتقۇلۇق، چىڭقىلما، يەيدىغان رىزقىڭ بار ئىكەن.
— رەھمەت سىلىگە. سىلى بوپقاپلا، بولمىغان بولسا...
— قۇتۇلۇپ قېلىشىڭنى مەندەك بىر قېرى چالنىڭ بولغىنىدىن كۆرەمسەن؟ ھەي تەنتەك، بۇ ئالەمنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا مەندەك ئۆلۈمتۈك قېرى نېمىگە پايلىسۇن. رەھمەتنى ئېيتىدىغان يېرىگە ئېيت، بولمىسا جىم يات.
ھاشىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۈستىگە قوي تېرىسىدىن ئەپلىك قىلىپ تىكىۋالغان جىلىتكە كىيىپ، ئۈستىدىن تانىدا باغلىۋالغان، مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەچكە چىرايى چار ئارىلاشقان قويۇق ساقىلى بىلەن قوشۇلۇپ قېرىلارغا خاس سۈر، سالاپەت بېغىشلاپ تۇرغان بوۋايغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدى.
— قۇيۇن زىيان سالدى ھەم يەنە پايدىمۇ ئەكەلدى. قۇدرەت دېگەن شۇ مانا. قويۇمدىن بىر نەچچىسى يىتتى. سىلەرمۇ ئات ـ ئۇلاغسىز قاپسىلەر. ئەمما ھېچ گەپ يوق. ئىچىڭلار پۇشمىسۇن. يوقالغىنى ھەممىسى شەكلەن نەرسىلەر. بىز يوقالمىدۇق. مانا بۇ ئەڭ قالتىس ئىش. يەنە كېلىپ قۇيۇن سىلەرنى ماڭا مېھمان قىلىپ بەردى. مانا قاراڭلار، بۇ دەشتى جاڭگالدا ھايۋاندىن ئۆزگە

مۇڭداشمۇ يوق ئىدى. خەستەلىنىپ دەرگاھتا يېتىشكىلار مەن ئۇچۇن ھال - مۇڭغا پۇرسەت، ئەزىزانلار.

بوۋاي خىرقىراپ كۈلۈپ قويدى...ئويچان كۆزلىرىنى ئىككىيلەنگە ئاغدۇردى.

— شۇ، شۇ... — دېدى ھاشىم بىلەن بەردى تەڭلا. ئۇلار بوۋاينى نېمىشقىدۇر سۆرلۈك، سىرلىق ھېس قىلىپ ئەيمىنىپ قالدى. نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمىدى. ئىختىيارسىز قورۇنۇپ، ئۆزلىرىنى كىچىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى.

— سەپىرىڭلار نەگە نىشان ئىدى ئۆزى؟— دېدى بوۋاي ئۇلارنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى چۈشەنگەندەك.

— كۈنسارايدىكى بوۋامنىڭ ئۆيىگە ماڭغان،— دېدى ھاشىم ۋە قوشۇپ قويدى،— ئۆي سالماقچى ئىدى. شۇڭا بىز ئاغىنىلەر بېرىپ قارىشىپ بەرمەكچى بولغان.

— بەلەن ئىش، بەلەن ئىش، خەيرلىك سەپەر ئىكەنتۇق. بوپتۇ، ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن،— دېدى بوۋاي.

— ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا نەس باستى مانا.

— ئۇنداق دېمە بالام. ھەر ئىشتا ھېكمەت بار، — بوۋاي پەنجىرە تۈۋىگە بېرىپ خىيالچان ھالدا سىرتقا تىكىلدى، — مانا بۇ سەپەر. سەپەر دېگەن مۇشكۈلات ئىچىدە بولىدۇ. مۇشكۈلات ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلىسەڭ ئاندىن ئەر بولىسەن. قاقشاش خوتۇن خەقنىڭ ئىشى، تەمكىن بول...

بوۋاي سىرتقا ماڭدى. ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىردەم توختاپ قالدى:
— ھۇزۇرۇمدا تارتىنماي خالىغانچە تۇرۇڭلار. ئاسمىنى كەڭ جاڭگال بۇ، نېمە خالىساڭلار شۇ بار...
ئۇ سىرتقا ماڭدى، ئەمما غۇدۇڭشىغىنىچە چىقتى. ھاشىم بىلەن بەردى ئۇنىڭ كەينىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى:
— سەپەر، سەپەر... ئۆيدىن ئۆيگە، يۇرتتىن يۇرتقا، ئالەمدىن ئالەمگە سەپەر، سەپەردىمەن، خەتەردىمەن... سەپەر...
ھاشىممۇ، بەردىمۇ بوۋاينىڭ كەينىدىن ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى.
— سەپەر، — دېدى بەردى، — راست بىز سەپەرگە ماڭغان. بوۋاينىڭ قېشىغا، مانا ئەمدى بىز باشقا بىر بوۋاينىڭ ھۇزۇرىغا كەپقالدۇق.
— بۇ تېخىمۇ باشقىچە بىر سەپەر بولىدىغاندەك قىلىدۇ، بەردى، — دېدى ھاشىم ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك ھاڭۋېقىپ، — بۇ بوۋاي ماڭا بەكلا سىرلىق بىلىنىۋاتىدۇ...
— خەير، ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن...
ھەر ئىككىيلەن جىمىپ قالدى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مەن غەززالىنى تىخشاپ ياشىدىم

ئۇلار بوۋاينىڭكىدە ئەركىن ـ ئازادە تۇردى. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلاندى. تالا ـ تۈزلەرنى ئايلاندى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ يۇرت ـ مەھەللىدىن خېلىلا ئۇزاقتىكى جاڭگالنىڭ ئىچى ئىدى. ئەتراپ توغراق، يۇلغۇن، قومۇش بىلەن ئورالغان. توغراقلىقنىڭ ئارىسىدىكى بىر جايغا بوۋاي ئەپلىك قىلىپ بىر نەچچە ئېغىز ئۆي ـ ھۇجرا چىقىرىۋالغان. يۇلغۇن شېخىدا قوشامداپ سېلىنىپ جاڭگال سېغىزىدا چىرايلىق كاكۇللاپ سۇۋالغان ئۆيگە ياندىش توغراق بادرىلىرىدا تۇتۇلغان كەڭ ئېغىل بار ئىدى. جاڭگالنىڭ سەللا ئىچكىرىسىدە خېلىلا چوڭ بىر كۆل تۇراتتى...

ئۇلار بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى ياقتۇرۇپ قالدى. مۇھىتىنىلا ئەمەس، ھەممىدىن مۇھىمى بوۋاينىڭ مەنىلىك پاراڭلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. بوۋاي دەسلىپىدە سىرلىق، سۇرلۇك كۆرۈنگەنىدى. ئۇ راستىنىلا ئۆزىنىڭ سىرلىق مىجەزىنى ئاشكارىلىدى. ۋەھالەنكى بۇ سىرلىق مىجەز ياش يىگىتلەر، نەۋقىران بالىلارنى ئۆزىگە مەھلىيا

قىلىۋالدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ بۇ خىلۋەتنى ماكان تۇتۇپ قالغانلىقىنى «ئاپەتنىڭ بېشى ھەسەتتۇر، ھەسەتنىڭ بېشى ۋىجدانسىزلىقتۇر» دېگەن سۆزگە باغلاپ چۈشەندۇردى. ئاندىن ئارتۇقچە چۈشەندۇرمەستىنلا قېتىپ قويدى:

— سىلەردەك نەۋقىران ياش يىگىتلەرگە تەركىدۇنياچىلىقنى ئاقلاپ ياخشى ئىش، دېيىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاقىل بولمىسامۇ يەنە ھەسسىلەپ ئۆزۈمگە يۈك ئارتىۋالغۇم يوق. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەن.

— بۇ تىمتاس جاڭگالدا زېرىكمەمسىز؟— سورىدى ساۋۇت تېخى گۆدەكلىكى، سەبىيلىكى، ئوماقلىقى يىتمىگەن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— زېرىكمەيمەن دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن. قەلب دۇنياسى قۇپقۇرۇق ئادەملەر ئوڭاي زېرىكىدۇ، مەنىسىزلىك ھېس قىلىدۇ. ھەتتا ئادەم دېڭىزى ئىچىدە تۇرسىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. لېكىن بالام، مەن يالغۇز ئەمەس، مەن ئالىم - ئۆلىمالارنى يادلاپ ياشىدىم. يۇرتتا مەنىسىز ئالدىراشچىلىق، تىرىكچىلىك غوۋغالىرى ۋە ھەسەتخورلۇق دىلىمنى ئازارلىغانىدى. مانا بۇ ئەزىم جاڭگالدا ماڭا ھەسەت قىلىدىغان ياكى مەن ھەسەت قىلىدىغان، مېنى پۇتلاشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان ياكى مەن ئاغرىنىپ قاقشايدىغان ھېچ نەرسە يوق. تورغاي

چۈچۈلىدىمۇ ھەرگىز ماڭا ئازار بېرىش ياكى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن بىراۋنى مەسخىرە قىلىشقا ئەمەس؛ قوي ئوتلايدۇ، يايلايدۇ، ئۆزى يېيىشكە ھەقلىقنى يەپ؛ دەرەخ كۆكلەيدۇ ئۆزىنىڭ رايى بويىچە. ھەممە ئۆز دۇنياسى ۋە ئۆز ئۇسۇلى بىلەن ياشاۋاتقان دۇنيادا مەن نېمىشقا راھەت ھېس قىلماي ۋە ئىچىمنى تىڭشاپ ياشاي. ئۆز خاھىشىم بىلەن مۇڭداشلىرىمنى زىيارەت قىلماي. مەن بۇ يەردە نەۋائىي، يەسسەۋى، رومى كەبى زاتلارنى تىڭشاپ ياشىدىم. غەززالىدەك يېتۈك ئالىم ـ پېشۋالارنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپ، روھىناتىنى يادلاپ غايىۋانە ياشىدىم. قەلبىم مۇشۇنداق يۇلتۇزلار بىلەن يېنىپ، يورۇپ تۇرسا مەن نېمىدىن قورقاي. نېمىدىن يالغۇزلۇق ھېس قىلاي؟

— نەۋائىي، يەسسەۋى؟...

ھاشىم سوئال نەزىرى بىلەن بوۋايغا تىكىلدى.

— بىلمەيسىلەر ـ ھە؟

— ئاز ـ تولا ئاڭلىغان، پەقەت شۇ ئىسمىنى....

سەمىمىيەت بىلەن جاۋاب بەردى ھاشىم. دېمىسىمۇ مانا تا ھازىرغىچە — تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىغىچە ئۇ بۇلار ھەققىدە تۈزۈكرەك بىر نەرسە ئۆگىنىپ باقمىدى. بەردىچۇ؟ تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا توختاپ قالغان. خالىدىمۇ ئوقۇۋاتىدۇ، لېكىن دېھقاننىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟ ساۋۇت ئەمدىلا تولۇقسىزدا. دېمەك بىلمەيدۇ. ئاڭلىغان بىلەن، راستىنلا بىلمەيدۇ...



www.uyghurkitap.com

— ھەي...

بوۋاي ئېغىر خورسىندى، ئاندىن كۈلدى. باياتىنقى خورسىنىشتىن پەيدا بولغان مىسكىنلىك بىراقلا يوقىدى....

— ھەممىسى كاتتا كىشىلەر، ئەۋلىيادەك كاتتا ياشىغان ھەزرەتلەر...

— سۆزلەپ بېرىڭە بوۋا،— دېدى ئەتىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان خالىد. بەردىمۇ گېلىنى قىرىپ ئۆزىنى رۇسلاپ قويىدى.

— بىزمۇ ئاڭلايلى. قىسمەت بىزنى سىزنىڭ كۆلبىڭىزگە بىكارغا باشلاپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ.

بوۋاي ھاشىمغا كۈلۈپ قويىدى.

— مەن غەززالىنى تىڭشاپ ياشىغان. لېكىن مانا تەركىي جاھان بولۇپ جاڭگالدىمەن. غەززالى ھاياتقا مەنە چاقىرغان زات. كەسكىن مۆتىۋەر... سىلەردەك نەۋقىران يىگىتلەرنىڭ قەلبى ئۇنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن سۇغىرىلسا بۇ تولا كاتتا ئىش بولغاي. ئادەم ئادەم بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە قانداق ياشاشنى بىلىپ ياشىمىسا ئۇنىڭ تىرىكى قوي ـ ئۆچكىسىنىڭ تىرىكلىكىدىن پەرقسىز. بوپتۇ، غەززالى ھەزرىتىمنىڭ شامىنى ياقاي. ئۇ غېرىبانە كۆلبەمدە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. قېرىغان جىسمىم بارا ـ بارا ئۇنى كۆتۈرەلمەس بوپقالغانتى. ئەمدى ئۇنى سىلەرگە يەتكۈزەي. ئىلىم كۈچەيگەنسېرى گۈلخاندەك

كۆيدۇ. غەززالى ھەزرىتىمنىڭ ئۆزى بىر ئوت ئىدى. ئۇنىڭ نۇر - يالقۇنىدىن ئاجايىپ زور گۈلخان ياندى. كىمكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا نەپ ئالغاي. ئىسسىنغاي، نۇر ئالغاي، دىلى يورۇغاي.

بوۋاي جىمىدى. كەچكى شەپەق نۇرىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى زېمىنغا چاچماقتا ئىدى. توغراقلىق قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. نەلەردىندۇر قوينىڭ مەرگەن، تۆگىنىڭ بوزلىغان ئاۋازى كېلەتتى... خىلۋەت جىمجىت توغراقلىق تۆت يىگىتنىڭ دىلىنى تېخىمۇ گۈزەل ئىستەك بىلەن ياندۇرماقتا ئىدى. بوۋاي بىردىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىنساننىڭ ئۇلۇغ، مېھرىبانلىقىنى سېزىپ قەلبى ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نېمىندۇر ئېسىگە ئالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايالشىماي بىر كۆك تاشلىق سامان قەغەزدىن ياسالغان خاتىرە دەپتەرنى ئاچىقىپ ھاشىمغا تۇتقۇزدى:

— بۇنى تۇتۇپ تۇرۇڭلار. بۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى بىر يولۇچىنىڭ قولىدىكى كىتابتىن يېزىلغان گەپلەر. نامازشام يېيىلىپ، گۆگۈم چۈشكەندە بىز غەززالى ھەزرىتىمنىڭ روھ گۈلخانىنى كۆلبىمىزدە گۈرۈلدىتىمىز... ئاخىر - ھە؟!

بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە خاتىرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ



www.uyghurkitap.com

كۆل تەرەپكە كەتتى. ئۇ قويلارنى بېقىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ھاشىمنىڭ ئەتراپىغا قالغان ئۇچەيلەن سىغدالدى. ھاشىم توغراقنىڭ كۆتىكىدە قىمىرلاپ ئوبدان جايلىشىۋېلىپ سامان قەغەزدىكى خەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

ئەبۇ ھامىد غەززالى ئىسلامىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى دۇنيا ئىدېئولوگىيە تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان گىگانت شەخس. ئۇ گەرچە تارىخي نۇقتىدىن ئوتتۇرا ئەسىرگە (ئۇ مىلادىيە 1058 - يىلىدىن 1111 - يىلىغىچە ياشىغان) تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزى بىلەن ئۆزى ياشىغان ئوتتۇرا ئەسىرگىلا ئەمەس، ھازىرغىچە بولغان ھەر قايسى دەۋرلەرگىمۇ ئىنچىل ھالدا زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەسكىن، ئۆتكۈر، مۇرەسسەسىز نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئىسلاھات روھىغا باي ئىدىيىسى ھېلىھەم ئۆزىنىڭ سېھري كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. بۇ نۇقتىدىن غەززالى دۇنيا ئىدېئولوگىيە تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان پېشۋا ھېسابلىنىدۇ.

غەززالىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ھۆرمەت نامى «ھۆججەتۇل ئىسلام» يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆججىتى بولۇپ، بۇ سۆز قارىماققا نوقۇل ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلىملەرنى توغرا، پۇختا ۋە تولۇق بىلگۈچى دېگەن

مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە نىسبەتەن بارلىق ئىلىملەرنى توغرا، پۇختا ۋە تولۇق بىلگۈچى دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى غەززالى ياشىغان دەۋرلەردە بارلىق ئىلىملەر ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان. شۇڭا بىز «ھۆججەتۇل ئىسلام» دېگەن سۆزنى «ھۆججەتۇل ئىلىم» دەپ چۈشەنسەكمۇ خاتا قىلغان بولمايمىز. شەرق ۋە غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ غەززالىنى بىردەك «قامۇسى ئالىم» دەپ تەرىپلىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمىسىمۇ غەززالى ئىلاھىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تەپسىرشۇناسلىق، پەلسەپە، مەنتىق، تارىخ، ئىقتىساد، ئەخلاق، مائارىپ قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەرگە ئائىت ئەسەر يازغان. تەتقىقاتچىلار غەززالى ئەسەرلىرىنىڭ 80 پارچىدىن ئاشىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

«بالامغا» دېگەن ئەسەر غەززالىنىڭ ئىلىم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى، مائارىپ، مېتودىكا، ئەدەپ - ئەخلاق قاتارلىق ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان قاراشلىرى مېغىزلىق شەرھلەنگەن رىسالە بولۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «نەسىھەتنامە» دەپمۇ ئاتالغان. ئەسەر قىسقا بولۇشىغا قارىماي ئەتراپلىق، ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

ئالغــان. بولۇپــمۇ ئۇنـــڭدا هـــازىرقى زامـــان مائـــارىپ قۇرۇلمىسى ئۇچۇنمۇ قىممەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى قاراشلار، مەسىلەن: بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتى، ئەقلىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكــى، تەربىيىلىنىشــتە مـــەنىۋى جەھـــەتتىكى يۈكسىلىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقى، ئىلىم ئىگىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنى مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە نۇقسانلار، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى چىقىـــش قىلغـــان بىلىـــش نەزەرىيىســـىدىكى بىـــر تەرەپلىـــمىلىكلەر ھـــەققىدە كەســـكىن تـــەنقىدىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئـۆزىنىڭ يۇقـىرىقى مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەزگىللىك قايمۇقۇش، گاڭگىراش ھالەتلىرىنى دادىللىق بىلەن تەن ئېلىپ، بۇ خىل جاھالەتتىن، گۇمراھلىقتىن قۇتۇلۇش، ھەقىقـــەت ئىـــزدەش جەھـــەتتىكى مۇشـــەققەتلىك بۇرۇلۇشــلىرىنى ســەمىمىي ھـــالدا شـــەرھلەيدۇ. مۇشـــۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «نىجاتلىق يولى» ـــ غەززالىنىڭ بىر قېتىملىق زور روھىــي كرىزىســتىن كېيىــنكى يــەكۇنى بولۇپ، ئۇنى غەززالىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىغان ئەينەك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غەززالىنىڭ گۈلخانىدا ئىسسىنىپ

گۈلخانغا ئوت يېقىلدى. قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يۇلغۇنلار، ئاندىن قېلىن قوۋزاقلىرى يېرىلىپ كەتكەن توغراق ئوتۇن پاراسلاپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈشكە باشلىدى. قېرى توغراقلار ئارىسىدىكى قورۇ - جاي، ئېغىل ئوتنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان بەشەيلەن ئوتقا قارىغىنىچە نېمىنىدۇر ساقلاۋاتقاندەك جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. نېرىدا يازنىڭ گۈزەل ئاخشىمى چېكەتكە، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرى، ئاتلارنىڭ گۇركىرەشلىرى ۋە قەيەرلەردىندۇر پات - پات كەپقالىدىغان تۈلكىلەرنىڭ غىڭشىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سىرلىق ۋە شۇنداقلا مۇزىكىدەك سىرلىق داۋاملىشاتتى...

جىمجىتلىق خېلى نۇرلۇق داۋاملاشتى. ئوت ئەمدى بىر خىلدا يېنىك كۆيۈۋاتاتتى.

— غەززالىنىڭ سۆزلىرى كەلدى، — دېدى بوۋاي يېرىم يۇمۇۋالغان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ۋە تىزىغا قويۇلغان سىرتى قېلىن قاتتىق قوي تېرىسىدىن

ئەشلەنگەن خورۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان، بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ پاكىز ساقلانغان كىتابنى ئاستا ئاچتى. باللار قولىقىنى تىخىمۇ دىڭ تۇتۇپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇلار بوۋايغا قاراشتىنمۇ ئەيمىنىپ قالغاندەك ئىدى...

بوۋاي ئىچىدە خېلى ئۇزۇنغىچە نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى ۋە يەڭگىل، تىترەك ئاۋازدا باشلىدى:

سۆيۈملۈك بالام، شۇنى بىلگىنكى، بۇ سەممىي ئۇزۇندىلەر ئاقىللارنىڭ ھايات خەزىنىسىدىن توپلانغان. ئەگەر سەن مەلۇم سەممىي نەسىھەتكە ئېرىشكەن بولساڭ، ئۇ ھالدا مېنىڭ ساڭا يەنە نەسىھەت قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما سەن بۇ خەزىنىدىن ھېچقانداق بىر سەممىي نەسىھەتكە ئېرىشەلمىگەن بولساڭ، ئۇنداقتا سەن شۇنچىلىك چوڭ بولغۇچە نېمىگە ئېرىشتىڭ؟

ئەي بالام!

سەممىي سۆزلەرنى قىلىش ئاسان. ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلىش ھەقىقەتەن تەس. نەپسىنى قوغلىشىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئاچچىق دورا. چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر ھەمىشە نەپسىنى قوغلىشىدىغانلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ دەستەك ئۈچۈن بىلىمنى قوغلىشىدىغانلار شانۇ شاۋكەتكە ۋە دۆلەتمەنلىككە بېرىلىپ كەتكەنلەر تېخىمۇ شۇنداق.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قۇتۇلۇش يولى پەقەت بىلىمدىلا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوقمىش. مانا بۇ پەيلاسوپلارنىڭ ئېتىقادى. بىلىمنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەسلىك شەك - شۈبھىسىز زىيانلىق.

— بەزى پىكىرلەر، — دېدى بوۋاي كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ، — بەكلا چوڭقۇر مەنىلىك ئېيتىلغان. دەماللىققا بەزى ھېكمەتلەرنىڭ تەگ ماھىيىتىنى ئاڭقىرىپ كېتەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا سوراۋېرىڭلار. ئاڭلاپ قويۇپ ھەزىم قىلالماسلىقمۇ ئىلىمگە نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك. ئەگەردە غەززالى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ بىباھا نەسىھەتلىرى دىلىڭلارنى يورۇتۇپ، سىلەرگە ھايات ھەققىدە باشقىچە تونۇش بېرەلمىسە بۇنى ئوقۇغىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق. بۇلار ئاڭلاپ قويىدىغان ھېكايە ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلىدىغان ۋە رىئايە قىلىدىغان دەۋەت. مۇبادا بۇنىڭغا زەن قويۇش مەنىسىزلىك بىلىنسە كىرىپ ئۇخلايلى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دېدى بەردى ئالدىراپ - تېنەپ، — ھەزرىتىم دەپتىكەنغۇ، ئەگەر سەن مەلۇم نەسىھەتكە ئېرىشكەن بولساڭ مېنىڭ ساڭا يەنە نەسىھەت قىلىشىمنىڭ ئورنى يوق، دەپ. بىز ئاش - نانغا، ئۆيگە، دادىغا، ئانىغا ئېرىشتۇق، بوۋا. لېكىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان. ئىشقىلىپ بىر يەرلىرىم ئېرىپ

كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەنغۇ تاڭ. مېنىڭ ئاڭلىغىنىم بار. ئاڭلايلى.

— شۈنداق، شۈنداق، — دېدى ئالدىراپ ھاشىمىمۇ، — ھېچقانداق سەمىمىي نەسىھەتكە ئېرىشەلمىگەن بولساڭ، ئۇنداقتا سەن شۇنچىلىك چوڭ بولغۇچە نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ نېمىدېگەن لايىقىدا سورالغان سوئال - ھە؟ مۇنداق سەمىمىي ۋە كىشىنىڭ يۈرىكىنىڭ بېغىغا تېگىدىغان گەپلەر كۆپ ئەمەس، چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. ئوقۇۋەرسىلە. مۇمكىن بولسا بەزى يەرلىرىنى ئالدىرىمايراق چۈشەندۈرۈپ قويسىلىغۇ بەك ياخشى بولاتتى.

— ماقۇل، — دېدى بوۋاي ۋە ئوتقا قاراپ جىم ئولتۇرغان ساۋۇتقا قاراپ كۈلدى، — ساڭا تەس كېلىدۇ، بالام، بىلىمەن. لېكىن ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان گۈلباغنىڭ قېشىدىن ئۆتسەڭ ھېچبولمىغاندا خۇش پۇرىقىدىن بولسىمۇ ھىدلىيالايسەن...

ساۋۇت بىغۇبار كۈلدى. بوۋاي قەددىنى رۇسلىۋالدى. كەيپىيات ئازادىلاشقاندەك بولدى. بەردى ئوتى سۇسلىغان گۈلخاننى چۇخچىلاپ قويۇپ يەنە بىر تال ئوتۇن تاشلىدى. ئوتنىڭ يورۇقى ھەممىسىنىڭ يۈزىنى يورۇتتى، كىتابنىمۇ ھەم. غەززالى ھەزرىتىمنىڭ پۈتۈكلىرى بوۋاينىڭ يېقىملىق - تىترەڭگۈ، يۇمشاق ئاۋازى بىلەن گۈلخاننى چۆرىدەپ يەڭگىل تاراشقا باشلىدى.

ئەي بالام!

سەن تۇرلۇك ئىشلارنى قىلىپ يوقسۇلغا ئايلىنىپ قالما. ئۆزۈڭدە بار بولغان چىنلىقتىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالما. بىلىش ئۈچۈنلا بىلىدىغان، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەمنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەن. بىر ئادەم قولۇقتا ھىندى شەمشىرىنى ئاسقان ھالدا كېتىۋېتىپ بىر شىرغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇ ئادەم شىر بىلەن ئېلىشمىسا شەمشىرى ئۇنى قۇتۇلدۇرالامدۇ...؟ بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

ھەممىگە ئايانكى، ئۇ ئادەم شەمشىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ شىر بىلەن ئېلىشقاندا نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. بولمىسا، شەمشەر ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ. بىر ئادەم يۈزلەپ مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ بىرەر مەسىلىنىمۇ باشقا ئېلىپ چىقالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

ئەي بالام!

ناۋادا بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئىلىم تەھسىل قىلغان، نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان بولسىمۇ، ساۋابلىق ئىش قىلمىغان بولسا، شەپقەت ـ مەرھەممەتنى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ.

ــــ خوش، ــــ دېدى بوۋاي، ــــ ساۋاب دېگەن نېمە؟ ساۋابنى سىلەر يالغۇز دىنىي ئۇقۇم دەپلا چۈشىنىپ

قالماقلار، بالىلىرىم. ساۋاب ياخشىلىق، ياخشى، پايدىلىق ئىش دېمەكتۇر. كىمكى ئۆزىگە، باشقىلارغا، جۈملىدىن ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى، قولۇم ـ قوشنىلار ۋە ھەر قانداق ئادەمگە بىر زەررە بولسىمۇ ياخشىلىق قىلسا مانا بۇ ئەڭ ئەۋزەل ئىشتۇر، ساۋابتۇر. ھەزرىتىم دەيدۇكى، ئۆمۈر بويى ئوقۇغان بىلەن باشقىلارغا نەپ يەتكۈزەلمىسەڭ سېنىڭ ئۆگەنگەن ئىلمىڭنىڭ پايدىسى يوق. سەن كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەكتىن پەرقلەنمەيسەن. ۋەھالەنكى، ئارىمىزدا مۇنداق ئادەملەر كۆپ، بالىلىرىم، قارىساڭلار ئوقۇيدۇ، ئوقۇيدۇ ھەتتا تا ئۆلگۈچە ئۆگىنىدۇ. ئۆلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش روھى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. لېكىن قىلغان ئىشىغا قارىسا كىشى ئەپسۇسلىنىپ قالىدۇ. خەققە يا پايدىسى تەگمىگەن يا زىيىنى، ھەتتا بەزىدە ئىلمىيرەك ئادەملەر شۇنچە مۇناپىق بوپكېتىپتۇ. ئىلمىنى كىشىلەرنى بابلاشقا ئىشلىتىدۇ، مانا بۇ بولمايدۇ...

ئىلىم بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلىشى كېرەك. بىز بۇ دۇنياغا ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈن كەلگەن. ئۆگىنىش پەقەت ياشاش جەريانىدا لازىم بولىدىغان جەريان. بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز ھەرگىز ئۆگىنىپ، بىلىپ قويۇپ ئۇخلاش ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئوبدان ياشاش، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، ياخشى ئىشلارنى

قىلىش. مانا بۇ سىلەرنىڭمۇ، ياق ھەممە ئادەمنىڭ ئورتاق مىزانى بولۇشى كېرەك.

بوۋاي تۆت بالىغا قارىدى. ھەممىسى ئويچان ئىدى. ئۈن - تىنسىز، ئەمما كۆڭلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. مانا ھاشىم تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىغىچە چىقتى. ئۇ ئۆگىنىپلا كەلدى. لېكىن تېخى ئۆگەنگەنلىرى بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولىدۇ، كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلىمەن، كىملەرگە قانداق ياخشى ئىش قىلىپ بېرەرمەن دېگەنلەرنى ئويلىنىپ باققىنى يوق. بەردى تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا توختاپ قالغان. تولۇقسىزغىچە سەككىز يىل ئوقۇدى. خەت ئوقۇشنى، ئاز - تولا بىرنەرسە ھەققىدە ئويلىنىشنى ئۆگەندى. قوشۇش، ئېلىش، ھېسابلاشنى بىلىدۇ. لېكىن باشقا ئۆگەنگەنلىرى تۇرمۇشتا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مانا ئەمدى دادىسىغا ئەگىشىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سەمىمىي، بەردەم يىگىت. ئويۇننىمۇ، چاقچاقنىمۇ بىلىدۇ. ئوتىمۇ، سۈيىمۇ بار. مەھەللىنىڭ رەسمىي ئوت يۈرەك يىگىتلىرى. لېكىن ئۇ ھاياتقا مۇنداق سەمىمىي ۋە ئۆلچەم بويىچە قاراش ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ ئاڭلاپ باققىنىمۇ يوق. ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگىنى باشقىلار قىلما دېگەندىن ئەيمىنىپراق ئۆز ھەققى بىلەن ياشاش. مانا كۆر، ھاياتنىڭ مۇنداق پرىنسىپلىرى بار ئىكەن. بارغانسېرى ئۆزىنى بەكمۇ نائېنىق قاراڭغۇلۇقتا

ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ساۋۇت كىچىك، ئۇ بۇ گەپلەردىن ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى. خالىدچۇ؟ ئۇ تۈپتۈز، ئاقكۆڭۈل، راستچىل بالا. مۇئەللىمىنىڭ گېپى بويىچە ئەدەپلىك ئوقۇغۇچى، مەھەللىدىكى جېدەلخور گۈيلارنىڭ مازاق تىلى بويىچە ئېيتقاندا «سۆڭىكى يوق، ئاسانلا باشقىلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ. لېكىن كۆڭلى ياخشى...» مانا بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا يېڭىچە ئاڭلىنىۋاتىدۇ...

— ئەي بالام،— بوۋاينىڭ ئاۋازى كەلدى، — بارلىق قىيىن ئۆتكەللەر ئىچىدىكى تۈنجى قىيىن ئۆتكەل ئېتىقاد، ئېتىقاد ئېغىزدىكى گەپلا ئەمەس، بەلكى قەلبتىكى سەممىيەتلىك ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتتۇر.

بوۋاي يەنە توختىدى. ئۇ بۇنى ئوبدانىراق شەرھلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئېتىقاد بۈيۈك كۈچتۇر، بالىلىرىم. بىر ئادەم ھاياتىدا ئۆزى چوقۇنىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان غايە - ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ. غايە - ئېتىقاد بىز ئۈچۈن، ھاياتىمىز ئۈچۈن بەلگە - نىشاندۇر. ئالايلى ھايات بىر سەپەردۇر. سىلەرمۇ بۇ قېتىم سەپەرگە چىققىنىڭلارغۇ، مۇشۇ سەپىرىڭلارنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ سەپەردە نىشان بارمۇ، يوق؟

— بارغۇ، — دېدى بەردى.

— بوۋامنىڭ ئۆيى، — دېدى ھاشىم.

www.uyghurkitap.com

— ھەببەللى، خوش، مانا بۇ سىلەرنىڭ سەپەردىكى ئىشىڭلار. مانا مۇشۇ سەپەر نىشانى بولغاچقىلا سىلەر ئەنە شۇ مەنزىلنى بويلاپ ماڭىسىلەر ۋە باشقا ياققا كېتىپ قالمايسىلەر. يولدا نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى چۈشىنىسىلەر. ئاشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن ئاتلىنىسىلەر، شۇ نىشان ئۈچۈن ئالدىرايسىلەر.

— ئەمما بىز باشقا ياققا كېتىپ قالدۇق.

ساۋۇت غودۇڭشۇپراق دېدى.

— ساۋۇتەك، — دېدى بەردى كۈلگىلى تاس قېلىپ.

— ياق، تېخى باشقا ياققا كېتىپ قالمىدىڭلار، سىلەر پەقەت مۇشۇ سەپەر جەريانىدا ئاز - تولا قىيىنچىلىقتا يولۇقتۇڭلار ۋە مەلۇم مەزگىل نىشانىڭلار ئۈچۈن مېڭىشتىن توختاپ، يولدا ئۇچرىغان تەجرىبىنى ئېلىشىڭلار شۇ. بۇ يەردە بىرەر - يېرىمدەم توختىشىڭلار بىلەنلا سىلەر بوۋاڭلارنىڭكىگە بېرىش نىيىتىڭلاردىن ياندىڭلارمۇ؟

— ياق، — دېدى ھاشىم.

— مەنغۇ كېتەيمىكىن دېگەن، — دېدى خالىد غودۇڭشىپ، — يول يېرىم بولار - بولمايلا نەس باستى، بۇ سەپەرنىڭ خەيرلىك بولمىغانلىقىدىن بولماي نېمە؟ يەنىلا ۋاقتىدا كەتكىنىمىز تۈزۈك. يەنە كېلىپ ئاتمۇ

ئۆلدى. ھارۋىمۇ سۇندى. پىيادە قالدۇق. يەنە تېخى بەدىنىمىزنىڭ ھەممىسى يارا...

بوۋاي قولىدىكى كىتابنى كۆتەككە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ساقاللىق يۈزىدە ئۆزگىچە نۇر، تەبەسسۇم چاقناپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ يورۇقىدا خۇشال كۈلگىنى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ گۈلخاننى بىر چۆرىدەپ چىقتى ۋە يەنە كېلىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ گېپىنى باشلىدى.

— مانا بۇ بەك ياخشى گەپ. مانا بۇ نىشان ئالدىدىكى ئىككى خىل پوزىتسىيە.. بىرىڭلار سەپەر جەريانىدىكى قىيىنچىلىقنى، ئازابنى، مۇشكۈلاتنى كۆرۈپلا ئىرادەڭلەردىن يانىسىلەر. بۇنى ھەتتا ئۆزۈڭلارنىڭ نىشانىڭلار، غايەڭلار ھەتتا ئېتىقاتىڭلاردىن كۆرىسىلەر ۋە دەرھال بۇ خىل غايە ـ ئېتىقادتىن يانىسىلەر. يەنە بىرىڭلار مەيلى سەپەر جەريانىدا ھەر قانچە مۇشكۈللۈككە ئۇچرىساڭلارمۇ يەنىلا ئەسلىي مەقسىتىڭلار ئۈچۈن بوشاشماي ئالغا ئىنتىلىسىلەر... قايسىسى توغرا؟...

— ئەلۋەتتە ماڭىمىز،— دېدى ھاشىم جانلىنىپ ياتراق ئاۋازدا، — بىزنىڭ نىشانىمىز ھەرگىز خاتا ئەمەس. سەپەر دېگەندە قىيىنچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنى دەپلا مەقسىتىمىزدىن ۋاز كەچسەك بولماس...

— ھاياتمۇ خۇددى مۇشۇ سەپەرگە ئوخشاشلا بىر جەريان، — دېدى بوۋاي، — ھاياتقىمۇ غايە كېرەك، ئېتىقاد كېرەك، پرىنسىپ كېرەك. ھاياتنى چوڭقۇر

چۈشەنگەن، ئۆزىنى تونۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆمۈر ـ ھاياتىغا ھەرگىز چاقچاق قىلمايدۇ. ئۇنى خالىغانچە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ. قارىساڭلار شۇنداق ئادەملەرنى كۆرىسىلەر، ياشايدۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا تۇغۇلغاندىن ئۆلگىچە مۇنداق سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىپمۇ باقمايدۇ. يەيدۇ، ئىچىدۇ، ياتىدۇ، قوپىدۇ، ئىشلەيدۇ. نېمىلەرگىدۇر ئالدىرايدۇ... توغرا كەلگەننى، ئۆزى ياقتۇرغاننى ۋە ياكى تۇرمۇشتا ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ تونۇلغان ئىشلارنى قىلىپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن ھاياتىدا ئۆزىنىڭ قوغلىشىدىغان نىشانى بولمايدۇ. ئالايلى، مەن نېمىدەپ ياشايمەن، باشقىلارنىڭ رايى بويىچە ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ مەقسەت ـ نىشانىم بويىچە ياشىشىم كېرەكمۇ، يوق؟ خوجايىن بۇيرۇمىسىمۇ، تۇرمۇش مەجبۇرلىمىسىمۇ مەن جەزمەن قىلىشىم كېرەك بولغان ئىشلار قايسى؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقمايمىز... نەتىجىدە ھاياتى مەقسەت ـ نىشانسىز لاغايلاپ تۈگەيدۇ... بىز بۇنداق ھاياتنى مەنىسىز ھايات، غايىسىز، ئېتىقادسىز ھايات دەيمىز. بالىلىرىم، ئەمما غايىلىك، ئېتىقادلىق ئادەملەرچۇ؟ ئۇلار مەيلى تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۆمۈرلۈك سەپەر جەريانىدا مەيلى قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسۇن، مەيلى زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن يەنە باشقا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى

قىلسۇن لېكىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ـ نىشانىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. پۈتۈن زېھنىنى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە ئاتايدۇ. مۇنداقلارنىڭ ھاياتى جەڭگىۋار، جۇشقۇن، مەنىلىك بولىدۇ. ھەيدىمىسىمۇ ئىشلەيدۇ. بىكار، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن نېرى تۇرىدۇ. ۋاقتىنى، زېھنىنى، كۈچىنى بىھۇدە ئىشلارغا ئۇپراتمايدۇ. بۇ نەقەدەر تەرتىپلىك، مەنىلىك ھايات ـ ھە؟ ئۆزىدە مانا شۇنداق ئەقىدە ـ ئېتىقاد، غايە تۇرغۇزالىغان ئادەملەردىنلا ئۇلۇغ ئادەملەر چىقىدۇ.

بوۋاي توختىدى. تۆت يىگىت جىمىپ كەتكەنىدى. بىلىش تەس ئەمەس ئىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى ھەققىدە ئويلىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

— غايە ـ نىشان بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قۇياش، يۇلتۇز بىلەن باراۋەردۇر. قۇياشسىز كۈنلەر، يۇلتۇزسىز تۈنلەردە تىمسىقلاپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۇسۇپ ـ دوقۇرۇپ، ئىنجىقلاپ، زارلاپ ئۆتمەي باشقا ئامال يوق. غالىبلار دەل نىشان ـ مەقسىتى ئېنىق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي كۈرەش قىلالايدىغانلاردىن چىقىدۇ. مەقسەت ـ نىشانى نائېنىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە جېنى ئاغرىيدىغان بېلى بوش ـ لاتاغىلاپلاردىن مەدىكار، تىلەمچى چىقسا چىقىدۇكى، غالىبلار ھەرگىز چىقمايدۇ. ئەمما ئۇنتۇماڭ،

غايە ـ ئېتىقاد باشقىلار ھەدىيە قىلىدىغان سەدىقە ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىڭىز، ئىقتىدارىڭىز، دۇنيا قارىشىڭىزغا ئاساسەن ئۆزىڭىز تىكلەپ تۇرغۇزىدىغان، ساقلايدىغان، قوغدايدىغان مۇقەددەس مەشئەل. بۇ مەشئەلگە ئوت ياقالىغان ۋە ئۆچۈرۈۋەتمەي ساقلىيالىغانلارلا ئۇنىڭ ھاياتبەخش يارقىن يورۇقىدا دىلىنى يۇيۇپ، يولىنى يورۇتالايدۇ.

بىر نىشانىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىر ھاياتنىڭ يېڭى يولغا كىرىشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەن نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا جەزمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سوئالغا دۇچ كېلىسەن. سەن كىم؟ قانداق ئادەم بولماقچى؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟ نېمە ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ؟ دەۋر ۋە مۇھىت ساڭا قانچىلىك ئىمكان بېرىدۇ؟ ئائىلەڭ، سەن ياشاۋاتقان كونكرېت مۇھىتچۇ؟ ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن تۈزگەن كونكرېت پىلانىڭ قانداق؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يىلدا، ئايدا، ھەپتىدە، ھەر بىر كۈندە قانچىلىك ئىش قىلىشىڭ كېرەك؟ بۇ سوئاللار سېنىڭ روھىڭنى سەگىتىدۇ ۋە ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق كېرەكلىكى، نېمىنى ئالدى بىلەن جەزمەن بېجىرىش كېرەكلىكىنى، نېمىنى قىلماسلىق، تاشلىۋېتىش كېرەكلىكى توغرىلىق ئۆلچەم، نىشان بېرىدۇ. سەن ئىشلىرىڭنى شۇ بويىچە تەرتىپكە سېلىپ مېڭىشقا باشلايسەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، دانىشمەنلىك،

ئاقىلانىلىك نېمىنى قىلىش ئەمەس، دەل نېمىنى بالدۇر، نېمىنى كېيىن قىلىشنى بىلىشتىن ئىبارەت. مۇھىم ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى سىېنىڭ زېھنىڭ، ۋاقتىڭ، مېلىڭ، كۈچۈڭنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ. پۈتكۈل زېھنىڭنى ئۆز نىشانىڭغا مەركەزلەشتۈرەلەيسەندە، بىراۋ ھەيدىمىسىمۇ ئۆز ئىشىڭ ئۈچۈن ئاكتىپ ئىنتىلىش ھالىتىدە تۇرىسەن. ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇ خىل نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇن - تىنسىز ئىزدىنىش روھى شەكىللىنىدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىدىن جۇشقۇنلۇق، بەرىكەت، شادلىق، ئىناقلىق سادالىرى ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىرىمىزدا تالانت،ئىقتىدار بار. ئەمما توغرا نىشان، جۈرئەت، چىدامچانلىق يوق. شۇ سەۋەبلىك بەزى كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرى مەڭگۈ مۇنەۋۋەر مەدىكار بولىدۇكى، خوجايىن بولالمايدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ دۆت - كالۋالىقىدىن توختىماي قاقشاپ زارلايدۇ - يۇ، يەنە شۇنىڭغا بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ خارلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆز نىشانى ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن يول تۇتالماسلىق ئېغىر پاجىئە.

بوۋاي سۆزدىن توختىدى. ئۇ خېلىلا ھاياجانلىنىپ قالغانىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ياندىكى قاپاقتىن بىر نوگاي

www.uyghurkitap.com

سۇ ئېلىپ ئىچتى. ئاندىن ياندىكى چوڭ توغراقنى بويلاپ ئېغىل بىلەن ئۆي ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەتتى. تۆت يىگىت بىردىن ئۆزىنى تايانچىسىز، ئېغىر قاراڭغۇلۇقتا قالغاندەك، ئەمدى يول تاپالماي قالىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى مۆكچەيتىۋەتكەن نەرسە كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەمەس، بوۋاينىڭ ئېيتىۋاتقان گەپلىرى پەيدا قىلغان روھىي بېسىم ئىدى. «سەن كىم؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمىشقا؟ نېمە دەپ ياشاۋاتىسەن؟ نەگە بارماقچى؟ قانداق بارماقچى؟ غايەڭ نەدە، سەن نەدە؟» دېگەندەك سوئاللار خۇددى پۈتۈن جاڭگال ئاسمىنىدا گۈلدۈرلەپ ياڭراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— مەن كىم، نەگە بارىمەن؟

ھاشىمنىڭ ئېغىر ئۇھسىنغان ئاۋازى كەلدى. بۇ ئۇھسىنىش ھەممىسىنى چۆچۈتۈۋەتتى. بەردى چىدىيالماي ياندىكى توغراق ئوتۇنىدىن بىرنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئوتۇنغا غەزەپ بىلەن بىرنى قويدى. ئوتۇن پارە - پارە بولۇپ ئەتراپقا چېچىلدى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ يىغىپ، تۆشەپ گۈلخانغا تاشلىدى. بىردەم تۇتۇن چىقىپ تۇرغاندىن كېيىن چاراسلاپ ئۇچقۇن چاچراپ بىردىنلا گۈپپىدە ئوت ئالدى - دە، گۈلخاننىڭ يورۇقى ئەتراپنى بىردىن يورۇتۇۋەتتى. شۇندىلا ئۇ سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى ۋە يۇلتۇزلار

غۇچچىدە چاراقلاپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى.
ئەي بالام!
گەرچە ئارزۇيۇڭ بويىچە ياشاۋاتقان بولساڭمۇ بەربىر ئۆلىسەن، ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى سۆيۈۋاتقان بولساڭمۇ بەربىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن، ئوي ـ پىكرىڭ بويىچە ئىشلەۋاتقان بولساڭمۇ بەربىر تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشىسەن.
ئەي بالام!
روھىڭدىكى هاياتىي كۈچكە دىققەت قىل، روھىڭدىكى مەغلۇبىيەت ۋە تېنىڭدىكى هالاكەتتىن پەخەس بول. چۈنكى سېنىڭ ئۆيۈڭ كېلەچەكتىكى گۆرستانلىق، گۆردىكىلەر سېنى تاكى سەن ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغۇچە هەر ۋاقىت ساقلاپ تۇرىدۇ. دىققەت قىل! سەپەرگە قۇربىڭ يەتمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارما. دانىشمەن ئەبۇ بەكرى: «ئۇچار قۇش ۋە هايۋانلارنىڭ تېنى ئۆزلىرىنىڭ قەپىسى ۋە قوتىنىدۇر» دېگەنىدى. سەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان ئويلاپ كۆر.
— يەنى بالىلىرىم، — بوۋاي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بىر ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن روهىي جەهەتتىن ۋەيران بولىدۇ. كېسەل بولىدۇ، زەئىپلىشىدۇ ئاندىن ئۇنىڭ ئىش ـ هەرىكىتىدە، بەدىنىدە شۇنىڭ

ئالامەتلىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئالايلى، بىراۋنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى چۈشۈپ كېتىدۇ. مۇئەللىملەر بۇنىڭدىن ئەنسىرەيدۇ. ئاتا - ئانىلار يۈرەك پارىسىنىڭ كېلەچىكىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكى سۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سەۋەبىنى بالىنىڭ ئۆگىنىشكە كۆڭۈل قويمايۋاتقىنىدىن، دەرس ۋاقتىدا زېھنى، دىققىتىنى يىغمايۋاتقانلىقىدىن كۆرىدۇ، ئۇنى تەنقىدلەيدۇ، جازالايدۇ، لېكىن ئۇلار بالا نېمىشقا مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى دېگەننىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ھەققىدە تولۇق ئويلانمايدۇ. دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى نېمىشقا قۇرۇيدۇ، گەپ ئۇنىڭ يىلتىزىدا، بالىسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىشىمۇ يوپۇرماقنىڭ سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدەكلا بىر ئىش. گەپ ئۇنىڭ روھىدا. ئۇنىڭ روھىدا بوشلۇق بار، ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىدىن گۇمانلىنىش بار. مۇئەللىمنىڭ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا قارىتا روھىي جەھەتتىن قوبۇل قىلالماسلىق، رەنجىش، نارازىلىق بار. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە رايى بارمايدۇ — مانا بۇ روھنىڭ زەئىپلىشىشىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىپادە. يەنە ئالايلى، بىر ئادەم روھىي جەھەتتىن قانچىكى مۇستەھكەم، پرىنسىپلىق بولسا ئۆزىنىڭ بەدىنىگە، روھىغا، سۇپىتىگە زىيانلىق قىلىق - ئادەتلەردىن، يىمەك - ئىچمەك، گەپ - سۆزدىن ئۆزىنى ساقلايدۇ. ئۇڭاي كېسەل بولمايدۇ... سىلەرنىڭ

سەپىرىڭلارنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، سىلەر يولۇققان مۇشۇ قىيىنچىلىق، مۇشكۇلاتنى كۆرۈپلا روھىڭلار چۈشۈپ، بوشىشىپ كەتسەڭلار چوقۇمكى بەدىنىڭلار تېخىمۇ ئېغىر، زەئىپ، چۈشكۈن بوپكېتىدۇ. مۇشكۇلاتنىمۇ يېڭەلمەيسىلەر. ئۈمىدتىن ۋاز كەچمىسەڭلار، قەيسەر، تېتىك، ئىرادىلىك بولساڭلارچۇ، بۇنىڭدىن ئېغىر مۇشكۇلات بولسىمۇ قىينالمايلا يېڭەلەيسىلەر. ئەڭ مۇھىمى روھىي بەردەملىكتۇر... روھ مەغلۇپ بولمىسىلا، ئۈمىد ئۆلمىسىلا تەنىنىڭ زەئىپ - يېرىملىكى، تۇرمۇشنىڭ بېسىمى، ھەتتا پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇشۇڭنىمۇ كارايىتى چاغلىق. سەن ھامان دەس تۇرالايسەن...

— بىلدۇق، بوۋا، — دېدى ساۋۇت بىردىن جانلىنىپ. بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى - دە، كىتابقا ئېگىشتى.

— ئەمدى بۇ ھېكايىنى ئاڭلايلى.

بۇ ھېكايىدىكى باش قەھرىمان ھاتەم ئەسەم شەقىق بەلخىينىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرى ئىدى.

مەلۇم بىر كۈنى شەقىق بەلخىي ھاتەم ئەسەمدىن «سەن ماڭا ئەگەشكەن 30 يىلدىن بېرى نېمىلەرگە ئېرىشتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ھاتەم ئەسەم: «مەن ئېرىشكەن بىلىملەردىن سەككىز خىل پايدىنى سازاۋەر بولدۇم. بۇ پايدىلار ماڭا يېتەرلىك، مەن مۇشۇ پايدىلار

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئىجاتلىق تېپىشنى ئۈمىد قىلىمەن»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شەقىق بەلخي: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغانىكەن، ھاتەم ئەسەم: «مەن ئېرىشكەن بىرىنچى پايدا: بارلىق مەۋجۇداتنى كۆزىتىپ چىقتىم. ھەر بىرسىنىڭ ئۆزىگە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان سۆيگىنى بار ئىكەن. بەزىلىرى سۆيگىنى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، يەنە بەزىلىرى سۆيگىنى بىلەن بىرلىكتە گۆر ئاغزىغا بارىدىكەن، ئەمما ھەممىسىلا سۆيگىنىنى گۆردە يالغۇز قويۇپ قايتىپ كېلىدىكەن. مەن بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، سۆيگىنىگە ئاخىرەتكىچە ھەمراھ بولۇش، ئۇنىڭغا مەدەت ۋە تەسەللى بېرىشلا ئەڭ چىن سۆيگۈ ھېسابلىنىدىكەن. بىراق ھېچكىمنىڭ ئۇنداق قىلغىنىنى كۆرمىدىم. ئۆلگۈچە بىردىنبىر ھەمراھ بولغىنى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ساۋابلىرى ئىكەن. شۇڭا مەن ساۋابنى سۆيۈشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان، ماڭا نۇرلۇق چىراغتەك ھەمراھ بولىدىغان، ماڭا تەسەللى ۋە مېھرىبانلىق ئاتا قىلىدىغان نەرسە ئىكەن دەپ قارىدىم.

ئىككىنچى پايدا: مەن بارلىق جانلىقنىڭ تۇرلۇك ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلىدىغانلىقىنى، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بەس - بەستە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئەمما بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقانچە پايدا ئەكەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇڭا، ئارزۇ -

ھەۋەسلىرىمگە بار كۈچۈم بىلەن چەك قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل كۈچۈم بىلەن ئىشلىشتىم.

ئۈچىنچى پايدا: ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقىدا بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش يولىدا كۆيۈپ پىشىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئارزۇ ـ ئارمانلار ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەرنىڭ ئۇلارنى مەھكەم چىرمىۋالغانلىقىنى بايقىدىم.

تۆتىنچى پايدا: نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى نۇرغۇن ئادەم ۋە جەمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇڭا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بەزىلەر ئۆزىنى ئىنتايىن باي ۋە جەمەتلىك دەپ قاراپ، بەكلا كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن. يەنە بەزىلەر بولسا، ئاتالمىش قەدىر ـ قىممەت ۋە ئالىيجانابلىقنى خەقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاش، خەققە زىيانكەشلىك قىلىش دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئاتالمىش ئالىيجانابلىق ۋە قەدىر ـ قىممەتكە ئېتىقاد قىلىش ئىقتىسادقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق ۋە بۇزۇپ چاچقانلىق دەپ قارايدىكەن.

ئەمما مەن سەممىي، كىشىلەرگە مېھرىبان بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يول ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە شۇ يولنى تاللىۋالدىم.

بەشىنچى پايدا: كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ

ئارقىسىدىن گەپ تاپىدىغانلىقىنى ۋە بىر - بىرىنى تەپتارتماي ھاقارەتلەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ مال - دۇنيا، ئورۇن - مەرتىۋە ۋە بىلىم جەھەتتىكى ھەسەتخورلۇقى سەۋەب بولغانىكەن.

شۇنىڭ بىلەن كىشىگە نەپ كەلمەستىن، ئەكسىچە روھىنى چىرىكلەشتۈرۈۋېتىدىغان يولدىن قايتتىم. روھىي بايلىقنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلدىم. باشقىلارنىڭ بايلىقىغا ھەسەت قىلمىدىم. بەلكى ئۆز ئىلكىمدىكى بايلىققا شۈكۈر قىلغىنىمچە ياشاشنى ئەۋزەل بىلدىم.

ئالتىنچى پايدا: مەن كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر مەقسەت ۋە سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆزئارا ئۆچمەنلىك قىلىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامانلىق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم - دە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدىم.

يەتتىنچى پايدا: مەن كىشىلەرنىڭ جان بېقىش ئۈچۈن ئىنتايىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا بەزىدە گۇمان پەيدا قىلىدىغان قانۇنسىز ئىشلارغا باغلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نېسىۋىسىگىمۇ زىيان سالىدىغانلىقىنى بايقىدىم، بۇنداق يول بىلەن كەلگەن مال - دۇنيانىڭ كىشىگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدىم.

سەككىزىنچى پايدا: ھەر بىر ئادەمنىڭ قانداقتۇر بىر خىل نەرسىگە تايىنىدىغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ پۇلغا، بەزىلەرنىڭ مال ـ دۇنياغا ۋە ھوقۇق ـ مەرتىۋىگە، يەنە بەزىلەرنىڭ مەلۇم كەسىپكە ۋە ھۈنەرگە، يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا يۇقىرىقىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا نەرسىگە تايىنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەن بولسام مال ـ دۇنيا، ھوقۇق ـ مەرتىۋە، شان ـ شەرەپ، كەسىپ ـ ھۈنەر... دېگەنلەرنىڭ ئۆتكۈنچى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە مەڭگۈلۈك تايانغىلى بولىدىغان غايە ـ ئېتىقاد ئىزدەش كېرەكلىكىنى بىلدىم ۋە شۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتىدىم.

شەقىق بەلخىي بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ىنجاتلىق ساڭا يار بولسۇن، دەپتۇ....

ئەمدى ساڭا مۇنداق بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈپ قوياي: ھەقىقەت يولىغا ماڭغان ئادەم ھەر قانداق نەرسىگە مۇشەررەپ بولالايدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، زاھىدقا ئۇستازلار يول باشلىغۇچى ۋە تەربىيىچى بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىكى بارلىق ناچار ئادەت ئۇستازنىڭ تەلىمى ۋە تەسىرلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۆزگىرىدۇ.

تەربىيە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى دېھقانلارنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ قالىدۇ. دېھقان ئېتىزدىكى بارلىق خوخا ـ تىكەن، ياۋا ئوت دېگەنلەرنى قويماي يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىرائەتلىرى بولۇق ئۆسىدۇ. شۇڭا، زاھىدقا ئۇستاز بولۇشى شەرت. ئۇنى توغرا يولغا

باشلايدۇ.

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇستاز بولالىشى ناتايىن. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ «ساغا يول باشلىغۇچى» بولۇۋېلىشىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئۇستاز ـ دانىشمەنلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساغا ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ قوياي:

ئۇستاز ئالدى بىلەن، پانىي ئالەمدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋىگە بېرىلمىدىغان روھىي ھالەتتىن خالىي بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ئىلگىرى ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇستازغا قول بەرگەن بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، غىزانى ئاز يېيىشى، گەپنى ئاز قىلىشى، ئۇيقۇنى ئاز ئۇخلىشى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا داۋاملىق پايدىلىق ئىش، ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇشى؛ تۆتىنچىدىن: ئۇ قول بەرگەن ئۇستازدا سەۋرچانلىق، مىننەتدارلىق، ئىناۋەت، قەتئىيلىك، مەردانىلىك، شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش، مۇلايىملىق، ئاق كۆڭۈللۈك، كەڭ قورساقلىق، كەمتەرلىك، بىلىم، سەمىمىي ـ راستچىللىق، ئار ـ نومۇس، لەۋزىدە تۇرۇش، سالماق، ئېغىر ـ بېسىق بولۇش، پىشىپ يېتىلگەن بولۇش... قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل سۈپەتلەر بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئۇستازلا ئادەم تەربىيىلەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئەمما، بۇنداق ئادەملەر ئىنسانلار ئارىسىدا كەمدىن ـ

كـەم تېپىلىسىمۇ، تەلـەيلىك ئىزدەنگۈچىگە تەلـەي قۇشى قونغـاندەك، ئەنــە شــۇنداق ئېســىل سۈپــەتلىك ئۇســتاز جەزمەن تېپىلىدۇ. ئەگـەر شۇنداق ئۇستاز ئۇچراپ قالسا، هەم ئوچۇق ـ ئاشكارا هـەم خۇپىيانە هـالالاردا هـەر ۋاقىت ئىـززەتلىنى قىلىــش لازىــم. ئوچــۇق ـ ئاشــكارا هــالالاردا ئىززەتلىنى قىلىش ــــ ئۇنىڭ بىلـەن مۇنازىرىلەشمەسلىك، ئۇنىــڭ ســەۋەنلىكىنى بىلگــەن تــەقدىردىمۇ هــەر قــانداق مەسىلىگــە ئىسپــات كۆرسىتىشــىنى تەلــەپ قىلىــپ تۇرۇۋالماسلىق، ئۇنىـڭ ئالدىدا زىيادە قـول بـاغلاپ تـۇرۇپ كەتمەسلىك، ئۇ تەلـەپ قىلغـان ئىشنى ئامـالىنىڭ بارىچە ئورۇنداش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

خۇپىيانە هـالالاردا ئىـززەتلىنى قىلىش ــــ ئۇستازدىن ئاڭلىغان ياكى ئۆگەنگەنلەرنى مەيلى هەرىكەت ياكى سۆزدە بولســۇن، خۇپــىيانە ئىنكــار قىلماســلىق كېــرەك دېگــەنلىكتۇر. ئۇســتازنىڭ ئــالدىدا چىرايىغــا ئىككــى يۈزلىمىلەرچە تەبەسسۇم يۈگۈرتۈشكە، ئالدىدا بىر خىل، ئاســتىرتىن بىــر خىــل بولۇشــقا بولمــايدۇ. ئەگــەر ئىزدەنگۈچى بولغـان ئـادەم بۇلارنـى ئورۇندىيالمىسا، تـاكى شــۇ ناچــار ئــادەت ـ قىلىقلىــرىنى ئۆزگــەرتىپ ئىچــى ۋە تېشــىدا بىــردەك بولغانغــا قــەدەر ئۇســتازغا يېقىــن يولىماسلىق كېرەك.

بـوۋاي توخـتىۋالدى. ئـۇ سـەل ـ پـەل چارچىغـاندەك قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلخاننى چۆرىدەپ ئـايلاندى.

قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك ئۆيگە كىرىپ يوغان كۆمەچتىن بىرنى ئاچقىپ پارچىلىدى. ھەممەيلەنگە سۇنۇپ ئۆزىمۇ بىر جايغا ئۆتۈپ يېيىشكە باشلىدى.

— بولدى، ئەمدى كىرىپ دەم ئېلىڭلار، — دېدى بوۋاي بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئۇ راستىنلا چارچىغاندەك قىلاتتى. ساۋۇت توغراق كۆتىكىگە يۆلىنىپ ئالىلىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى.

— ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئوقۇش ماڭىمۇ، سىلەرگىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. قۇۋۋەتلىك نەرسىنىمۇ ئاز - ئازدىن سىڭىرىپ، ھەزىم قىلىپ يېگۈلۈك. ھەسەلنى جىق يېسەڭ زاڭ تېتىيدۇ. مۇقەددەس نەرسىلەرنىمۇ مۇۋاپىق ئاڭلىغان تۈزۈك. بولمىسا ئۇنى ھەزىم قىلىپمۇ، ئاڭلاپمۇ، چۈشىنىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيسەن - دە، ئىلىممۇ خارلىقتا، بەندىمۇ خارلىقتا قالىدۇ... كىرىپ ئۇخلاڭلار.

بوۋاي قوپۇپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئوت ئۆچكەن، ياز ئاخشىمىنىڭ سوغۇقى بەدەننى سەل - پەل تۈگۈلدۈرەتتى. يىگىتلەر قوپۇپ ئۆيگە مېڭىشتى. ھەممىسى ئۇن - تىنسىز ئىدى... گۈلخان سۇس ئوت چىقىرىپ، ئەتراپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپىدا يوپيورۇق بىر ئالەم قالغاندەك ئىدى...

گۈلخان يەنە كۆيمەكتە....

بىر كۈن جىمجىت ئۆتتى، يازنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقى قۇملارنى قىزىتاتتى. توغراقلىق ھېلىلا

گۈپپىدە ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىزىپ كەتكەنىدى. بوۋاي ھاشىم بىلەن خالىدنىڭ يارىسىنى تۇخۇمنىڭ ئېقىدا قايتىدىن تېڭىپ قويدى ھەمدە ھەممەيلەننى ئۆيدە ئولتۇرۇۋالماي جاڭگالنى چۆرگىلەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بوۋايچە ئۇلار ھەربىكەت قىلىشى كېرەك ئىدى. قىزىغان قوم ئۇلاردىكى دەردنى ئالاتتى...

ئۇلار كۆل بويىغا بېرىشتى. توغراق تۈۋىدە يانپاشلاپ يېتىپ تەبىئەتنىڭ مۇنداق كارامەت مۆجىزىسىگە تەھسىن ئېيتىشتى. ئەمما نېمىشقىدۇر تېزراق كەچ بولۇشىنى تىلەپ باشقىغا ئانچە رايىنى بېرىشمىدى. ئەپسۇسكى بوۋاي بۇ كۈنى بالدۇرلا يېتىۋالدى. ئۇ كەم سۆزلىشىپ قالغاندەك ئىدى... باللارمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سوراشقا پېتىنالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى جىمجىت يېتىپ قېلىشتى.

— بوۋاينىڭ بىر يېرى ئاغرىپ قالغانمىدۇ - ھە؟ — دېدى خالىد يېشىنىۋېتىپ.

— ئۇنى ئوي باستى ھەقىچان، — دېدى ھاشىم.

— يالغۇزلۇق ئېزىدۇ، ھېلىقىدەك نوچى - نوچى گەپلەرنىڭ ۋەزنىنى سىڭدۈرۈشمۇ بىر گەپ دېگىنە. بىزلەر ھەر قانچە ئۇلۇغ گەپنىڭ مەنىسىنىمۇ تۇزۇك چۈشىنىمىز ياكى چۈشىنەلمەيمىز. شۇڭا مۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. لېكىن بىلىدىغان ئادەم بىلىدۇ...

— دادام بەزىدە ساز چېلىپ كىملەرنىڭدۇر

شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يىغلاپ كېتىدىغان. توۋا، دادام ساراڭ بولدىمۇ نېمە دەيتتىم شۇ چاغدا، — دېدى ھاشىم، — ئەمدى مەنمۇ ئاڭلىغانسېرى بىر قىسىملا بولۇپ قېلىۋاتىمەن. خۇددى يۈرىكىمگە ئاللىقانداق بىر شېرىن تۇيغۇ كىرىۋالغاندەك ۋە ئىچىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى بىر تەرەپتىن چىقىرىۋەتكەندەك.

— ئەمما مەن ئېزىلىپ كېتىۋاتىمەن، ھاشىم، — دېدى بەردى، — بۇرۇنقى پارتلاپ تۇرىدىغان شوخلۇقۇم يوقاپ كېتىۋاتقاندەك. ھەتتا شۇلارمۇ يامان ئىشتەك بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي، بۇلار قانداقسىگە يامان ئىش.

— ۋايتاڭ، بىلمىدىم. بۇ مەندىكى بىر سېزىم خالاس. ئىشقىلىپ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمدە نېمىدۇر بىر نەرسە كەمدەكلا ھېس قىلىپ ئۆزۈمنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۈرگەندەك، قاراڭغۇدا قالغىنىمنىمۇ بىلەلمىگەندەك، كۆزى كور ياشىغاندەك سېزىپ قالدىم.

— ھە ئەمدى توغرا دېدىڭ. مەقسەت - نىشانسىز، ئۆلچەمسىز ياشاپ كەپتۇق شۇ...

— بۇلارنى ئاڭلىمىسىمۇ ياخشىكەنمۇ نېمە دەپقالدىم.

— قانداقسىگە؟

— ئاڭلىغانسېرى ئادەم كىچىكلەپ كېتىدىكەن.. بىلمىسەڭ، بۇلار ھەققىدە ئويلانمىساڭ، خاتىرجەم، بىغەم

ياشايسەن ـ دە...

ـــ قويە بۇ گەپنى، هازىرلا قاچامسەن يا؟!...

ـــ ئادەملىكتىن هايۋانلىققىمۇ؟...ها، ها،ها... ـــ بەردى خىرىلداپ كۈلدى، ـــ ئاڭلاپ قوياي، خېلىلا ئۇز، يۇمشاق گەپ قىلىدىغان قىزىكەن بۇ. بۇنداق گەپ قىلىدىغان ئادەمنى يەنە ئۇچرىتىش نېسىپ بولامدۇ ـ يوق؟

ـــ ئاستىراق گەپ قىل كالۋا، ئاڭلاپ قالسا سەت تۇرمامدۇ؟

ـــ مەن يامان گەپ قىلمىدىم.

ـــ قىزى دەۋاتىسەنغۇ...

ـــ راستتىنلا قىزغۇ، قىزىسىنى قىزى دەيمىز شۇ...

ـــ ئەدەپ...

ـــ توغرا، ئۇ دېگەن ئۇستاز...هى...هى...هى

ـــ مازاق قىلما، سولتەك...

ـــ ئېتىشىپ قويدۇم، مېھرى ئىسسىق چالكەن بۇ... لېكىن پىخسىق قىزىكەن، قارىغىنە بۇگۈن ئوقۇمىدى. يەنە قاپىقىنىمۇ ئاچماي ئويچان يۈردۇ...

ـــ ئەتە ئوقۇپ قالار....

ـــ ئوقۇمىسا ساقلىدىن ئالىمەن ـ دە، توغراققا تەتۈر ئاسىمەن، شۇ چاغدا ۋاي ئۇز بالام، نەدىن ئاڭلايسەن، تىزلىنىپ ئوقاي دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي...

— سىنى بىر بارمىقىدا سالارمىكىن. قارىسام راۋۇرۇس دەسسەپ يۈرمەمدۇ!...سىنى يالۋۇرتارمىكىن...

— مەيلى مەن يالۋۇرسامۇ ئوقۇسۇنچۇ ئاۋۇ كىگىز كىتابنى...

— بولدى، ئۇخلا... ئۇخلا... ئەتە بىر گەپ بولار...

— نەدىكى ئۇيقۇ كۆزگە. كۆزۈمنى يۇمسام‌لا بوۋاينىڭ كەسكىن، ۋەزىنلىك، سوئال تەرىقىسىدىكى سۆزلىرى... يالغۇز قېلىشتىنمۇ قورقىمەن.

— ھا...ھا...

— كۇلە ئۆلگۈر... مەن بۇنداق بەردى ئەمەستىمغۇ، دادامغۇ: بەردى بالىكام، سەندىكى كۈچ، قارام، تەلۋىلىك نەدىن كەلگەن ئۆزى، دەپ ھەيران قالىدىغان...ھەي...

بەردى يوتقاننى بېشىغا پۈركۈگىنىچە ئۆرۈلدى. ھاشىم ئاۋازىنى چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن خىرىلداپ كۈلۈپ بەردىنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ قويدى... خالىد، ساۋۇتلار ئاللىقاچان قېتىپ قالغانىدى...

راست دېگەندەك ئەتىسى كەچقۇرۇن قىرى توغراقلىق ئارىسىدىكى سەيناغا مۇنداقچە ئېيتقاندا بوۋاينىڭ ھويلىسىغا ئوت چۈشتى، گۈلخان ياندى. ئۇنىسىز ئولتۇرغان بەش چىراي ئوتنىڭ تەپتىدىن ئىسسىدى، يورۇقىدا يورۇدى. يۈرەكلەر يېقىملىق، خۇشناۋا، مۇلايىم بىر ئاۋازنىڭ ياڭرىشىنى كۈتەتتى. يازنىڭ گۈزەل ئاخشىمى تىمتاسلىق ئىچىدە قەدىمىي جاڭگالنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى بۇ گۇلخاننى چۆرىدەپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسماننىڭ ئاستىدا مەيىن شامالدەك يەڭگىل، يېقىملىق ئاۋاز يەنە كۇيدەك لەرزان تاراشقا باشلىدى.

ئەي بالام!

مەن ساڭا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۇرلۇك ئىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىمەن، قوبۇل قىلارسەن. بۇ بىرقانچە تۇرلۇك ئىشنىڭ تۆتى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك، قالغانلىرى بولسا، ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك.

ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش:

ئۆزۈڭ ھەل قىلالايدىغان ئىش توغرۇلۇق باشقىلار بىلەن ھەرگىز مۇنازىرىلەشمە. چۈنكى، مۇنازىرىدە ئۆزئارا ئاراز يېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. مەسىلەن: نام ـ شۆھرەتكە بېرىلىش، ھەسەت قىلىش، مەغرۇرلىنىش، ئاغرىنىش، زىددىيەتلىشىپ قېلىش، كۆز ـ كۆز قىلىش، مۇبالىغىلەشتۇرۇش... دېگەندەك. ناۋادا، مەلۇم بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم بىلەن ئاراڭلاردا مەسىلە يۈز بەرسە، تېخى قولۇڭدىن كەتمىگەن ھەقىقەتنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە مۇزاكىرىلىشىشكە ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئەمما، مەقسىتىڭدە تۆۋەندىكى ئىككى شەرت ئەكس ئېتىشى كېرەك.

1. ھەقىقەت مەيلى كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا

قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك.

2. سەن بىلەن قارشى تەرەپتىن باشقا ئادەم يوق ئەھۋالدىكى مۇھاكىمىدىن ئادەم كۆپ ئەھۋالدىكى مۇھاكىمە كۆپ ياخشى.

بىلىشىڭ كېرەككى، ئاتالمىش مەسىلە كۆڭلۈڭدىكى كېسەللىكنى تېۋىپقا دەپ بېرىشتىن ئىبارەت، مەسىلىگە بېرىلگەن جاۋاب كېسەللىكنى داۋالاشتۇر. بىلىمسىزلەر — كېسەلدۇر، بىلىملىكلەر — تېۋىپتۇر.

بىلىمى چالا كىشىنىڭ ئۆزىدىكى كېسەللىكنى مۇكەممەل داۋالىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. دانىشمەنلەر گەرچە بارلىق مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلالمىسىمۇ، داۋالاشنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىكى ئادەمنىڭ كېسەللىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدۇ. ئەگەر جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىك ياكى پەرزەنت كۆرەلمەسلىك كېسىلى بولۇپ قالسا، ئۇنى داۋالايمەن دېمىسىمۇ بولىدۇ.

بىلىشىڭ كېرەككى، بىلىمسىزلىك كېسىلى تۆت خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلىنى داۋالاشقا بولغىنى بىلەن، قالغانلىرىنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. داۋالىغىلى بولمايدىغىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بىر كىشى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ۋە ئىپادىلىگەن قارشىلىق ھەسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن، سېنىڭ جاۋابىڭ ھەر قانچە توغرا ۋە ئېنىق

بولسىمۇ، نەتىجىسى يەنىلا ئاغرىنىش، ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماسلىق.

2. داۋالاشنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئادەمنىڭ كېسەللىكى ھەسەتخورلۇقتىن پەيدا بولغان.

3. ئۆگەنگۈچى ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىسە، بۇنى ئۇلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدا مەسىلە بارلىقىدىن كۆرۈش كېرەك. ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ھەم شۇنداق. بىراق بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزى ئىسپاتلىيالمىغان جاۋابقا ئېرىشىشكە ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق.

داۋالاشنى قوبۇل قىلغانلىكى ئادەم يول كۆرسىتىشكە موھتاج، ئەقلى ھەم چۈشىنىش ئىقتىدارى بار ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەسەتخورلۇق، غەزەپ، ئابروي، ئورۇن ـ مەنسەپ ۋە پۇلنىڭ قورالى بولۇپ قالمايدۇ. ئەنە شۇنداقلارلا ھەقىقىي يوسۇندا ھەقىقەت ئىزدىگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، داۋالاشنى قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە قارشى پىكىردە بولۇشى ھەرگىز ھەسەتخورلۇقىدىن، بىرتەرەپلىمىلىكىدىن ۋە قېرىشىشىدىن ئەمەس. ئۇنىڭ جاۋابقا ئېرىشىشكە ئالدىرىشى ئورۇنلۇق بولۇپلا قالماي، ئۇستازنىڭ جاۋاب بېرىشىمۇ ۋاجىپ.

ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئىش:

پەند ـ نەسىھەت قىلغۇچى ئۆزى پەند ـ نەسىھەتنى

www.uyghurkitap.com

تېخى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ باشقىلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى، ئۆزىمۇ ھېچبىر پايدىسىنى كۆرۈپ باقمىغان مەسلىھەتنى باشقىلارغا بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. دېمەكچى بولغان ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ قىل، ئاندىن باشقىلارغا مەسلىھەت بەر.

سەن بۇ ئىشتا سىناقتىن ئۆتكەن بولساڭ، مۇنداق ئىككى خىل ئادەتتىن ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك:

بىرى: سۆزلىگەندە ئىدىئوم، شېئىر ـ نەزم دېگەنلەرنى قاتار تىزىۋالما. چۈنكى، ھەشەمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەم چەكنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان ئادەمدۇر. بۇنداق قىلىق مەنىۋى جەھەتتىن بوشلۇق ۋە بىپەرۋالىق پەيدا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىنسان ئۆز قىلمىشلىرى ئۈستىدە تەكرار ئويلىنىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ غەپلەتتە تۇرغان كۆڭۈلدىكىنى نوقۇيالايدۇ، داۋالغۇتالايدۇ. بۇ يالقۇنلارنىڭ چاراسلاشلىرى، شۇنىڭدەك بۇ ئازابلاردىن زارلىنىشلار ئەستە ساقلاش دېمەكتۇر.

ئادەملەرگە بۇ ئىشلارنى بىلدۈرۈش، تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ۋە بىپەرۋالىقلىرىنى سەمىگە سېلىپ قويۇش، ئۇلارغا ئۆزلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بىلدۈرۈش، بۇ ئوتنىڭ تەپتىنى ھەر بىر ئادەمگە يەتكۈزۈشكە، بۇ بالا ـ قازاغا ھەر بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ، كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالغۇزۇشقا، شۇ

ئارقىلىق بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقتىنى ئامالىنىڭ بارىچە تولدۇرغۇزۇشقا، ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ۋاقىتلىرىنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈندۈرۈشكە پايدىلىق. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، چىقىش يولى ئەنە شۇ. بۇ يول ئاگاھلاندۇرۇش يولى، ئاگاھلاندۇرۇش خۇددى كەلكۈننىڭ مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئۆيلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە: «ئېھتىيات قىل،پەخەس بول، تېز قاچ!» دەپ توۋلىشىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق چاغدا سەن ھېلىقى قوشنائىنى ھەرگىز ھېكمەتلىك، مەشھۇر، ئىبرەتلىك سۆز - ئىبارىلىرىڭ ۋە تەكلىپىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ ئولتۇرمايسەن. نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

سەن ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئادەت:

سەن ۋەز - نەسىھەت قىلىۋاتقىنىڭدا دىققىتىڭنى كىشىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت قىلىۋاتقان سورۇندىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە ياكى بۇ سورۇندىن خۇشال بولۇشىغا، ھەتتا بەزىلەرنىڭ «بۇ قالتىس سورۇن بولدى» دەپ ماختاشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالساڭ بولمايدۇ. بۇلار ئابرۇينى چىقىش قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىشىڭ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ۋەھىمىدىن شۈركۈنىدىغان ۋە

www.uyghurkitap.com

ئېھتىيات قىلىدىغان قىلىشىڭ كېرەك. شۇنىڭدا بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدا، ھەرىكەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولار. مانا بۇ ۋەز - نەسىھەت ۋە سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ئاڭلىغۇچىلارنى ئازابلايدۇ. ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ. ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇلارنى مەلئۇن، ئالۋاستى دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن. كىشىلەر ئۇنداقلاردىن تېز يىراقلىشىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى كۆپچىلىكنى مەقسەت - نىشانىدىن ئازدۇرۇپ، ھەتتا ئالۋاستىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۆت ئىش:

1. سەمىمىي، دىيانەتلىك، ئەقىدە - ئېتىقادلىق بول. چاكىرىڭ ئەگەر مۇشۇ ئارقىلىق سەن بىلەن ئالاقە قىلسا، ئۇنى ياخشى كۆر، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالما، ئۇنىڭغا ئاچچىقلانما. سەن ياقتۇرماسلىققا تېگىشلىك ئادەم پەقەت ساختىپەز ئادەمدۇر.

2. باشقىلار ئۇچۇن قىلغان بارلىق ئىشنى ئۆزۈم رازىلىقىم بىلەن قىلدىم دەپ قارا.

3. سەن ئىلىم ئۆگەنگەندە، ئاشۇ ئۆگەنگەنلىرىڭ جەزمەن سېنىڭ روھىڭنى ئۆزگەرتىشى، مەنىۋىيىتىڭنى پاكلىشى لازىم. ئەگەر سەن ھاياتىڭنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا بىر ھەپتە قالغانلىقىنى بىلىپ قالىدىغان بولساڭ، ھەرگىزمۇ قانۇنشۇناسلىق،

دىئالېكتىكـــا ۋە ئىلاھىيەتشۇناســـلىق قاتـــارلىقلارنى ئۆگىنىشكە قىزىقمايسەن. چۈنكى سەن ئەمدى بۇلارنى ئۆگىنىشـنىڭ ھېچقـانداق پايدىسـى قالمىغـانلىقىنى بىلىسەن. شۇڭا سەن روھىڭنى ئىسراپ، قەلبىڭگە يۈزلىنىســـەن ـ دە، رېئـــال ھايـــاتتىكى بـــارلىق مۇناسـۋەتلەردىن ۋاز كېچىسەن. قەلبىڭدىكى باشقىلار تەرىپىدىن يامان دەپ قارالغان ناچار ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزۈڭچە ساۋابلىق دەپ قارىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئالدىرايسەن. شۇنداق بولغاچقا، ھەر قانداق بىر بەندە ھاياتلا بولىدىكەن، بىر كۈن ۋاقتىنىمۇ ھەرگىز بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك.

ئەي بالام!

مېنىـڭ ئـاخىرقى سۆزلىرىمگە قـۇلاق سـال ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆر. سەن بۇنىڭدىن نىجاتلىق تاپالايسەن. ناۋادا بىرەرسى ساڭا بىر ھەپتىدىن كېيىن سۇلتان سېنى كۆرگىلى كېلىدۇ دېسە، بۇ مەزگىلدە ئۇستۇبېشىڭنى تۈزەشتۈرۈۋالىدىغانلىقىڭغا، تۇرقۇڭنى ئوڭشىۋالىدىغانلىقىڭغا، ھويلا ـ ئارامىلىرىڭنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋالىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. چۈنكى سەن بۇلارنىڭ سۇلتاننىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغانلىقىنى بىلىسەن.

—— لېكىن، —— بوۋاي خېلىغىچە توختىۋالدى ۋە

ئۇتقا قاراپ جىممىدە ئولتۇرغان يىگىتلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — بىزدە ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزى توغرا، ھەق دەپ قارىغان مىزان ئۈچۈن ئەمەس باشقىلار ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەملەر بەك جىق. شۇنداقمۇ، ئەمەس؟

تۆتەيلەن ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قادىلىپ تۇرغان بوۋايغا قارىدى، ئەمما نېمە دېيىشىنى دەماللىققا بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

— مەسىلەن، ئالايلى، بالىلىرىم، يۇقىرىدا غەززالىنىڭ سۆزىدىن ئوقۇغىنىممۇ «سۇلتان كېلىدىكەن دېسە ئۇستۇبېشىنى ئالاھىدە تۈزەشتۇرۇپ، ھويلا ـ ئارامىلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان» قىلىق، خوش، ئەگەر سۇلتان كەلسىچۇ؟ ئەگەر كېلىدىغىنى سۇلتان بولماي بىر سائىل بولسىچۇ؟ بىز ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە كۆرسىتىمىز؟

بالىلار ئەمدى سوئالنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

— سۇلتانغا كۆرسىتىدىغان ئىلتىپات بىلەن سائىلغا كۆرسىتىدىغان ئىلتىپات ئەلۋەتتە ئوخشاشمايدۇ؟— دېدى بەردى.

— نېمىشقا؟— بوۋاي دەررۇلا ياندۇردى.

— چۈنكى بىرى سۇلتان، يەنە بىرى سائىلدە.

— ئەمىسە سەنچۇ؟ سەنمۇ سائىلمۇ؟

— بۇ يەردە ئۇلارنى كۈتۈۋالغۇچى قانداقسىگە سائىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ پەقەتلا...

— مەسىلە سۇلتان ياكى سائىلنىڭ كېلىشىدە

ئەمەس، بالا، بەلكى دەل ئۇلارنى كۈتۈۋالغۇچىدا،ــــ بوۋاي كېسىپلا بەردىنىڭ گېپىنى ئۈزدى، ــــ سۇلتانمۇ ياكى سائىلمۇ ئوخشاشلا بەندە، ئىنسان، سەن ئۇنىڭ مەنسىپى، دەرىجىسىگە، بايلىقى ياكى تۇرمۇشتىكى ئورنىغا ئەمەس ئۆزىگە قاراشنى بىل. ئۇنىڭ ئىنسانىيلىقىغا يۈزلەن. چاپان - تونىنى ئەمەس، تون ئىچىدىكى جىسمى - روھىنى كۆر. مانا بۇنى قانداق كۆرۈش، قانداق كۆزىتىش سېنىڭ ئالدىڭدىكى بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى كۈتۈۋالغۇچىنىڭ ئىشى. سەن بىر ئەقلى - ھوشى ئويغانغان ئىنسان بولساڭ باشقىلارنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىسەن... ئەپسۇسكى، بىزنىڭ كۆپ قىسىم ئادەملىرىمىز ئۆزىنى بىلمەيدۇ، باشقىلارغا مەنپەئەت، پايدا نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلاردىن پايدا چىقسا، مەنپەئەت كۆرۈلسە ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ ھالى قالمايدۇ. ئۇلاردىن ئۆزىگە قىل چاغلىق بولسىمۇ نەپ يەتمىسە شۇئانلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قاپىقىنى تۈرۈۋالىدۇ. باشقىلارغا ئەگىشىدۇ. ئۇچايلا ئۆز مەيدانىنى يوقىتىۋېتىدۇ...

بوۋاي خىرقىراپ بولالماي قالدى. ئۇ قىزىپ - قايناپ سۆزلەپ مانا ئەمدى ھاردى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ كايىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قىزىرىپ كەتتى. بۇ سەۋەبي باللارغا ئاچچىق بىلەن سۆزلەپ كەتكىنىنى ئويلاپ ئىچىدە ئۆزىگە كۈلدى ۋە ساراڭ بوپسەن قېرى، دەپ قويدى. ئاندىن باللارغا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ سۆزىنى

يەڭگىل ئاۋازدا داۋاملاشتۇردى:

— ئىنسان دورامچى نەرسە. ئۆزىگە كەسكىن مىزان بېكىتىپ، قائىدە ـ تەرتىپ ئىچىدە ياشاش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، بىلىدۇ. لېكىن ئوڭايلا ئۆزى ئايلىنىۋاتقان ئوقۇرنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. باشقىلار كىيىپتۇ دەپلا كىيىدۇ، ئۆزىگە ياراشمىسىمۇ، باشقىلاردىن قالامدىم دەپلا مەنمەنچىلىك قىلىدۇ. قۇربى يەتمىسىمۇ ھەتتا باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ، قىلىۋاتقىنى ئەخمىقانە ئىش بولسىمۇ... ئەمما ئۆزى نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. غەززالى ھەزرىتىم باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن، «تۇنجى قېتىم ئۆتكەل سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ قاباھەت، مانا بۇ كىشىلەر دائىم دۇچ كېلىدىغان، ئاسانلا سادىر قىلىدىغان كەمچىلىك، نۇقسان. شۇ تۈپەيلى ئىشلىرىمىزدا بەرىكەت يوق. ئۈنۈم يوق، نىشانىمىز ئەمەلىيلەشمەيدۇ. بىزلەر ئىرادىسىزلىشىپ كېتىۋاتىمىز. كۆڭلەرنىڭ، ئۆمۈرنىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ...»

بوۋاي سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. گۈلخانىنىڭ ئوتى تۆتەيلەننىڭ چىرايىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. بايا دەسلەپ يېقىملىق، يەڭگىل ئاۋازدا ئوقۇلۇپ بارغانسېرى غەزەپتە ئوقۇلغان نەسىھەتلەر گۈلخان

ئەتراپىدا ھېلىھەم جاراڭلاپ ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئىدى. ھاشىم قولىغا يۇلغۇن شېخىدىن بىرنى ئېلىپ ئوتنى چۇخچىلىۋىدى، ئوتنىڭ شولىسى ھەممىسىنىڭ چىرايىنى يورۇتۇپ ئۆتتى.

— كىشىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان نەسىھەتلەر، ئويلاندۇرىدىغان ھېكمەتلىك گەپلەر، — دېدى ھاشىم قولىدىكى يۇلغۇننى ئوتقا تەكشى ئۇرۇپ، — ئادەمنىڭ قەلبى مانا مۇشۇ ئوتتەك چۇخچىلىنىدىكەن، قىزىپ كېتىدىكەن.

— بىلگەن بەكرەك غەزەپلىنەر دېگەن شۇدە، بىلمىسەڭ نېمىنىڭ خاتا بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيسەن - دە، ھېچنېمە بىلەن كارىڭ بولمايدۇ. بىپەرۋا ياشايسەن. بىلگەندىن كېيىنلا ئەخمەقلەرنىڭ ھاماقەتلىكىمۇ سېنىڭ قەلبىڭنى ئۆرتەيدىغان گەپ.

— ۋاھ، ئەمەلىي نەسىھەت دېگەننى سەن يازغىلى چۈشەمسەن نېمە، ھاشىم.

— بولدى قىلە.

— راست، راست دەۋاتىمەن، زوۋانىڭ ئېچىلىپ كېتىۋاتىدا.

— بوۋاينىڭ قېشىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئازراق بولسىمۇ يۇقۇقاندۇ، — دېدى خالىدمۇ بوش كەلمەي.

— قويە بۇنى، قازاننىڭ يېنىغا بارساڭ قارىسى، يامانىنىڭ يېنىغا بارساڭ يالىسى يۇققان بىلەن ياخشىنىڭ يېنىدىن بىر نېمە يۇقمايدۇ ئوڭايلىق بىلەن بۇ ئاداشقا... — بەردى چىقىشتى.

— ئىشقىلىپ سېنىڭ ئەسكىلىكىڭ يوقىلىدىغۇ مانا.
— مەن ئەسكى؟
— سەن ئوبدانما؟
— ها... ها... ها...
ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.
— ھەي، ئەمدى غەززالىنىڭ باشقا ئەسىرىنى ئوقۇشنى دەيلى. بىزمۇ ئالدىرايمىز. ماۋۇ ئىككى كىسەل كۆرپىسىنىڭ چوقۇ - قۇتۇرلىرىمۇ ساقىياي دېدى. ساقايسىلا بىزمۇ ماڭمىساق، ھېلىمۇ نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ياكى سەپەرنى داۋاملاشتۇرمىساق ياكى ئارقىمىزغا يانمىساق ئەمدى بولماس. كېتىپ بولغىچە يەنە بىرەر - ئىككى ئاخشام بۇ گۈلخانغا ئوت قالىمامدۇق؟
بەردەمنىڭ بۇ گېپى ھەممىگە ياغدەك ياقتى.
— شۇنداق قىلايلى. ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە ماڭمىساق بولمايدۇ. شۇڭا بوۋاي كەلسىلا دەيلى.
— مېڭىشۇېرەيلىچۇ ئاكا، — دېدى ساۋۇت ئېغىزىنى ئۆمچەيتىپ. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ سەل - پەل زېرىككەندى. بۇ گەپلەر ھامان ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى. تەلتۆكۈس چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كۆرە جاڭگالغا كىرىپ توغراقتا يامىشىپ ئوينىسا، تۈلكە قوغلىسا شۇ بەكرەك كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى.
— بولدى قىل، چىدا ئۇكام، مۇشۇ جاڭگالدا مۇشۇنچىلىك بىخەتەر تۇرالىغىنىمىزنىڭ ئۆزى كۇپايە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

يەنە بىرەر كۈن ياخشىراق دەم ئېلىپ، ئاندىن يولغا چىقىمىز. شۇ باھانىدا بوۋاينىڭ قارىنىدىكى تاتلىق گەپلەردىن يەنە ئازراق سۆزلىۋالايلى، ئېغىزدىكى تاتلىق گەپلەرنى ئاچچىق دېسىمۇ چىداپ ئاڭلىۋالايلى. ئاندىن ماڭىمىز.

— بەلەن گەپ، بوۋايغا سەن دە.

— ياق، سەن ئوبدان دېيەلەيسەن، يەنە كېلىپ يۈرەكلىك، باتۇرغۇ سەن، سەنلا دە بولدى...

— ماقۇل، چاتاق يوق. بولمىسا بىلىسەنغۇ مېنى، قورقۇتۇپ ئىشتىنىغا چىقارتقۇزۇۋېتىمەن.

— ئېغىزىڭىزنى يىغ، ئېغىزى بالا...

— ھا... چاقچاق... كۆنۈپ قاپتىمەن، بالىجان. ئۇنداق گەپلەرنى ئىچىگە سولاپ ياتقاننىڭ بەربىر پايدىسى يوققۇ، بىزدەك ئاڭلايدىغان ئادەم چىققىنىغا خۇش بولسا بولىدۇ، بۇ قېرى. ئەتە ـ ئۆگۈن يالغۇز قالسا كىم چىقىدۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ھەرقانچە بۇلبۇلدەك چىرايلىق سۆزلىسىمۇ ئاڭلايدىغانغا، پاشا، كۇمۇتا قوي ـ ئۆچكە... كالىنىڭ قۇلىقىغا ئىككى كۈن ئولتۇرۇپ گەپ قىلسىمۇ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قويماس ھەقاچان... جەزمەن دەپ بېرىدۇ، مەن دەي بولدى.

— چىرايلىقراق گەپ قىل ـ ھە...

— خاتىرجەم بول.. چىرايلىق گەپ قىلىشقا كەلگەندە قاراپ تۇر، ئۇ قېرىنىمۇ شامدەك قىلىۋېتەلەيمەن مەن.

— ئاتە پونى..

* * *

بوۋاي خېلىدىن كېيىن كەلدى. ئۇ جايىغا كېلىپ قولىنى چايقاپ يۇدى، ئاندىن ھۇجرىسىغا ئۇن - تىنسىز ماڭدى. ھاشىم بەردىنى نوقۇدى.

— تېز بول، — بوۋاي ئۇخلىغىلى ماڭدى، — ھازىر دە.

— ئەتە دەيمىكىن.

— كۆرە. مانا لىڭتاسمىلىقىڭ مۇشۇنچىلىك..

— يا... ياق ئەمدى دەيمىنا... ئۇ.

— نېمىنى دەيسەن... نېمە كېكەچلەيسەن... تېز بول...

— بولدى، بولدى.. ئەتە... كېچىچە ياخشىراق ئويلىنىۋېلىپ.

— خەپ سېنى...

— ئەتە ماڭامسىلەر، ئۆگۈنمۇ؟... — ئىشىك ئالدىغا بارغان بوۋاي ئارقىسىغىمۇ بۇرۇلماستىنلا سورىدى.

— ئۆگـۈنلۈككە ماڭايلىقمىكىن، — دۇدۇقلىدى بەردى، — شۇڭا...

— ھىم، ئەتە كەچ سۆزلەپ بېرىمەن، كىرىپ ئۇخلاڭلار. سىلەرنىڭ نېمىگە ئالدىراپ، نېمىگە تەقەززا بولۇۋاتقىنىڭلار ماڭا ئايان... ئۇخلاڭلار...

بوۋاي كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىك يەڭگىل يېپىلىپ شىرىقلىنىپ تاقالدى. تۆتەيلەن بىر - بىرىگە

قاراشقىنىچە قېتىپ قالدى. چىرايلىرىدا سوئال...
— ئۇ ئاڭلىغانمىدۇ؟...
— بەلكىم...
— ياق، مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەرگىز ئاڭلىمايدۇ...
— ئاڭلىمىسا نېمە بىلىدۇ؟
— مېنىڭ دېگەنلىرىمنىمۇ ئاڭلاپ قالغانمىدۇ؟...
— ئوبدان بولدى، سەن ئېغىزى بال.
— بولدى قىلە، ئىشقىلىپ ئەتە سۆزلەپ بېرىدىغۇ، ماڭ ئۇخلايمىز.
بەردى ئەڭ ئالدىدا ئۇخلايدىغان ئۆيگە ماڭدى. كاللىسىدا بىرلا سوئال، قانداقسىگە بىلىپ قالدىكىنە بۇ قېرى؟...
— راستىنى دېسەم بىز بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئەسىرىنى ئوقۇپ بولالمايمىز. ئوقۇش ئايرىم گەپ، چۈشىنىش يەنە باشقا ئىش، ھەتتا مەنمۇ غەززالىنىڭ بەزى ئەسىرىنى، بەزى جۈملىلىرىنى نەچچە ھەپتە ـ ئايلاپ ئويلاپ كېتىمەن. لېكىن ئۇنىڭ تەگ ـ قاتلاملىرى پايانسىزدۇر. تەكتىگە يېتىپ بولۇش بەك تەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تەھلىل قىلىۋاتقان مەسىلىلەر شۇنچىلىك مۇرەككەپ، قىيىن ۋە ئۆتكۈر مەسىلىلەركى ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئىلىم ئالىملىرىنىڭمۇ بېشى قايىدىغان، ھەتتا بۇ ھەقتە چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيىشكە قۇربىمۇ يەتمەيدىغان مەسىلىلەردۇر. بىزلەر بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ بولۇشىمىز تېخىمۇ تەس...
بوۋاي گۈلخانغا ئوت تاشلاپ گېپىنى توختاتتى ۋە

توغراق قوۋزاقلىرىنىڭ قويۇق ـ كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ پۇۋلەپ تۇرۇشىغا تۇتەپ ـ تۇتەپ بىردىنلا گۇپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە زەن سېلىپ قاراپ تۇردى. ئوتنىڭ قىزغۇچ شولىسى ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. بوۋاي شۇندىلا تۆتەيلەنگە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— بىز ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئىش قىلايلى. ئىلىمدە كۈچى يەتمەيدىغان يوغان شاخقا ئېسىلىۋېلىش ئەڭ خەتەرلىك. ئۇ ئوڭايلا بىزنى قايمۇقتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ئىلىمدىن رايىمىزنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئاز بولسىمۇ، ئاددىي بولسىمۇ كۈچىمىز يېتىدىغاننى ئەستايىدىل قىلماق كېرەك. بىز سىڭدۈرەلەيدىغان تامىقمۇ لەززەتلىك سېزىلىدۇ. بەدەنمۇ ئۇنچىلىك قۇۋۋىتىنى لايىقىدا ھەزىم قىلالايدۇ. «سۇنى سەپ سىڭار يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە» دەيدىغان ھېكمەت بارغۇ...

— دېمەكچىمىز، بىز ئەمدى توختىتىمىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بەردى بوۋاينىڭ سۆزىدىن تاقەتسىزلىنىپ.

— توختاتمايمىز ھەم توختىتىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ئەڭ ياخشىسى غەززالىنىڭ ئىدىيىسىنى، ئەسىرىدە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئەمەس، غەززالىنىڭ روھىنى ئىزدەيلى.

— روھىنى؟

— نەدىن ئىزدەيمىز؟ — دېدى ساۋۇت ھەيران بولۇپ...

بوۋاي بالىلارنىڭ يۇمرانلىقىنى تېخىمۇ ھېس

قىلدى.

— ئاللىقاچان ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنى...— خالىد ئېغىز ئاچتى - يۇ، خىجىل بولۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ھاشىملا گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇ بوۋاينىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك ئىدى.

— مەيلى شۇنداق قىلايلى، بوۋا، بىزمۇ ئەتە ماڭىمىز دەپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئاڭلايمىز دېسەكمۇ تۈگىتەلەيمىز. يەنە كېلىپ بۇ ھەقىقەتەن كىشى بىرەر قېتىم ئاڭلاپ قويىدىغان ئەمەس، ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان، شۇ بويىچە ياشاش ئۈچۈن ئۆزىگە مىزان قىلىدىغان نەسىھەتلەر ئىكەن. ھەتتا بەزىلىرىنى بىز ھەزىم قىلالمايدىكەنمىز. شۇڭا سىز ئەڭ ياخشىسى گەپنى بىز ئۈچۈن قايسىسى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك بولسا شۇ بويىچە قىلىڭ. بۈگۈنكى گۈلخان بىكار كۆيمىسۇن. بۈگۈن ئاخشام مەنىسىز ئۆتمىسۇن، ھەممىمىزگە نەپ بەرسۇن.

— ھەببەللى بالىجان، — بوۋاي تىزىغا شاپىلاقلاپ مەيدىسىنى كەردى. ئۇ ھاشىمغا كۆڭلۈمنى چۈشىنىپتۇ دېگەندەك خۇرسەنلىك ئىچىدە يايراپ كەتتى،— مانا ياخشى گەپ. بىز ئۇنىڭ روھىنى ئىزدەيلى. مانا بۇ ئەڭ ياخشى يول ھەم سىلەرگە بەكلا ياردىمى بار... مەن ئۇنىڭ كىتابىدىكى بەزى بايانلارغا باغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەستايىدىل، تىرىشچان، سەممىي ئىلىم ئاشنالىرىغا خاس بۇيۇك روھى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. مېنىڭ گەدىنىمدىكى قەرزمۇ يېنىكلەپ قالار...

www.uyghurkitap.com

بوۋاي تۇرۇپلا مۆڭلىنىپ قالدى. ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىگىدۇر كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى. بەردىنىڭ ئىچى پۇشتى. لېكىن تۇرۇپلا بوۋايغا ئىچىمۇ ئاغرىپ قالدى...

— قاراڭلار، — بوۋاي كاللىسىنى سىلكىپ، ساقاللىرىنى تارىۋەتكەندىن كېيىن باشلاپ كەتتى، — ھەزرىتىم ئۆزىنىڭ ئىلىم، ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى روھىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ. بىزمۇ شۇنىڭ ئۆزىدىنلا بىزگە كېرەكلىك نۇرغۇن ئىلھاملارغا ئېرىشەلەيمىز.

...

مەن ھېچنېمىدىن قورقماي بۇ دېڭىزنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم. تۈرلۈك قاراڭغۇلۇقلارغا شۇڭغۇپ، تۈرلۈك قىيىن مەسىلىنى يەڭدىم، سان - ساناقسىز قىيىن ئۆتكەللەرنى بويسۇندۇردۇم، ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ مەسلەكلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نىگىزى ۋە سىرىنى يەشتىم، شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى، مۇقەددەسلىك بىلەن بىدئەتنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدۇم. مەن باتىنىيە ئېقىمىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلاردىكى مەخپىيەتلىكنىڭ چىنلىقىنى تەتقىق قىلىشنى كۆزلىدىم. زاھىري ئىلىم ئېقىمىغا يولۇققىنىمدا، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتىچىلىك ئاساسىي قارىشى ھەققىدە ئىزدىنىشنى ئويلىدىم، پەيلاسوپلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارنىڭ پەلسەپە جەۋھىرىنى ئۆگەنگۈم كەلدى.

مۇتىكەللىملەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىسپات ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى بىلىپ باققۇم كەلدى. سوپىلارغا يولۇققان چېغىمدا، سوپىزمنىڭ سىرىنى بىلگۈم كەلدى. زاھىتلارغا ئۇچراپ قالغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ زاھىتلىق قىلىشىدىكى تۈپ سەۋەبنى سورىدىم. روھقا ئىشەنمەيدىغانلارنى كۆرگەن چېغىمدا، ئۇلارنىڭ روھقا ئىشەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشىنىڭ ياكى روھقا ئىشىنىدىغان ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدەندىم.

—— مانا كۆرۈڭ بالىلىرىم، بۇ قانداق ئېسىل روھ ـ ھە...

ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىش ـ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقىدىغان، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىدىغان مۇنداق روھ خالىغانلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. پەيلاسوپلارغا ئۇچراشقاندا پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى، زاھىتلارغا يولۇقسا ئۇلارنىڭ زاھىتلىق سەۋەبلىرىنى، نېمىگە ئۇچرىسا شۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەپ ـ سوراپ باقىدىغان روھ ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن بەكلا قىممەتلىك، ھەتتا، مەن ئىرىكمەن، ئادەممەن، ئادەمدەك ياشاي دەيدىغانلىكى ئادەم ئۈچۈن زۆرۈردۇر... بىلمەي تۇرۇپ ياشاش مۇمكىنمۇ؟

بوۋاي ھەممەيلەنگە قارىدى. ئۇ بۇگۈن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ قەلبىنى، روھىنى ئېچىپ سۆزلىمەكچى ئىدى. مانا بۇ دەشت ـ جاڭگالدا ئۇزۇندىن بېرى تەنھا ياشاپتۇ. ئاندا ـ ساندا ئوزۇقلۇق، ئۇن، ئاش،

www.uyghurkitap.com

تۇز دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى دېمىسە ئىنسانلار ئارىسىغا كەمدىن ـ كەم بېرىپتۇ. قەلبى تىنىپتۇ. ئادەم سېغىنىپتۇ. لېكىن... مانا تۇيۇقسىزلا بىر تەقدىرنىڭ ئەزەلىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھۇزۇرىغا مۇنۇ تۆت يىگىت ــ سەبىي، پاكىز باللار كېلىۋىدى، ئۇ بىراقلا ئۆزىنىڭ نەپسى ـ ۋۇجۇدىدا يېنىپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدا لاۋۇلداپ تۇرغان ئىنسانغا خاس چىن ـ مۇھەببەت قېرىنداشلىق، ھال ـ مۇڭ تۇيغۇسىنى سەزدى. بۇ باللارنىڭ ئىلىم خۇمار خۇيىنى كۆرگەندە بولسا تېخىمۇ مىسكىن بوپقالدى. كونا دەردلىرى قوزغالدى. ئىنسانغا بولغان سۆيگۈسىمۇ، چىدىماسلىق، ھەسەت ـ نىزا ئېلىپ كەتكەن، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ھەق ـ ناھەقنىڭ يەتكۈزگەن ئەلەم ـ كۈلپەتلىرىنىڭ دەردۇ مۇسىبىتىمۇ تەڭلا باستى. لېكىن...

ئۇ باللارغا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، كەڭ قورساقلىق، پەزىلەت ھەققىدە سۆزلەپ بەرسە بولدى. ئەتە ئۇلار كەتمەكچى، شۇڭا بۈگۈن تېخىمۇ كۆيۈنۈپ سۆزلىمەكچى بولدى. ئۇلار كېتىدۇ. ئۆزى يەنە يەككە ـ يېگانە قالىدۇ...

بوۋاينى بىردىنلا سوغۇق تىترەك باستى. ئەندىكىپ ئەتراپقا قارىدى. گۈلخان كۆيمەكتە. يىراق ـ يىراقلاردىن تۈلكە ـ بۆرىلەرنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. توغراقلار سۇرلۇك، تىمتاس، جاڭگال بوۋايغا بۈگۈن ئەزەلدىن تۇيۇلۇپ باقمىغان مۇدھىش قورقۇنچ ئېلىپ كەلدى. توۋا نەچچە يىللاردىن بېرى قانداق ياشىغان بولغىيتتىم، ئەمدى يەنە قانداق ياشارمەن، بوۋاينىڭ كاللىسىدىن شۇ خىيال

لىپپىدە ئەگىپ ئۆتتى...
— بەزىدە بىلمەي تۇرۇپمۇ ياشاپ قالىمىز،— دېدى هاشىم.
— هەي، هەممىلا نەرسىنىمۇ ئىنكار قىلىپ كەتمە، — دېدى بەردى بىردىنلا.
بوۋاي ئىككىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئەسلىگە كەلدى. باللارغا بىردىنلا رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى - يۇ، ئارقىدىنلا تىنچ كۆڭۈلنى چالغىتقان مۇشۇ گۇيلار، نەدىن كەلدى بۇلار، دەپ ئويلىدى. شۇنداق ئويلىدى - يۇ، كەينىدىنلا ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ساراڭدەك خىياللىرىدىن ئويلىنىپ قالدى. چاكىنا خىياللار مەندىن نېرى تۇر، مەن بۇگۈن قىلىدىغىنىمنى قىلاي...
— بىر ئېغىز گەپ ئاڭلىساڭلا بىز ئۇنداق، بىز مۇنداق دەپتىكەنمەن. ماۋۇسى ھەق، ماۋۇسى ناھەق، مانا بۇ ئاق، مانا بۇ قارا دەپ يېزىپ، پۇتۇپ يۇرسىمۇ، جىق ئادەم بىلىپ ياشايدۇ، كۆڭلىدە بىلىدۇ.
ئالدىڭغا قارايدىغان بەزى ئىشلارنى شۇ ئىش ئۆتۇپلا كەتسە ئۇنى تېزلا ئۇنتۇيسەن. بولۇپمۇ شۇ ئىش قانداق يۇز بەردى، سەۋەبى نەدە؟ بۇلار ھەققىدە ئانچە ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپ كەتمەيسەن، ئەجەبا بۇ سەن، بىزدىكى ئورتاق ئاجىزلىق ئەمەس؟
— ئاسان ئۇنتۇپ قالىمىز، چوڭقۇرلىمايمىز، بۇنىسى بىر ئادەتكە ئايلانغان ئىللەت. لېكىن خەق بىلمەيدۇ، ئەمەس بىلىدۇ.
— باللىرىم، بۇ يەردىكى مەسىلە ئىزچىللىق،

www.uyghurkitap.com

ئەستايىدىللىقنىڭ مىجەزگە، ئىش بېجىرىشتىكى ئادەتكە ئايلىنىش مەسىلىسىدۇر. غەززالى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مەسىلىلەرگە بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، بالىلىرىم. نېمە ھەق، نېمە ناھەق، ھەق بولسا نېمىشقا ھەق؟ ناھەقنىڭ سەپسەتە، يالغان يېرى قەيەردە؟ راست بىلەن يالغان قانداق چاغلاردا ئارىلىشىپ كېتىدۇ؟ ياخشى ئادەم قانداقسىگە ئۆزگىرىپ يامان بوپقالىدۇ؟ ئۇ ھەتتا راست بىلەن يالغان، بۈيۈكلۈك بىلەن پەسلىك، ھەق بىلەن باتىل قاتارلىقلارنى ئېنىق، دەلىللىك، پاكىتلىق پەرقلەندۈرەلىگۈدەك بولغىچە ئىزدىنىپ ئۆگەنگەن. بىز بىلمەيمىز ئەمەس، بىلىمىز. لېكىن كۆپىنچىمىزدە ئۇ ھەقتە كەسكىن، ئېنىق، ھۆكۈملۈك بىلىش، چۈشەنچە شەكىللەنمىسە، بىزدىكى ئادەتلەرمۇ ئوڭايلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاڭلاڭلار بالىلىرىم، بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىز تۈپەيلىلا بەزى نەرسىلەرنى چەتكە قاقىمىز، يەنە بەزى نەرسىلەرنى بۇ ئىش مۇشۇنداق بولمىسا زادى بولمايدۇ. مۇشۇ راست، ياخشى، ھەقىقەت دەپ چىڭ تۇرۇۋالىمىز. ئۇنىڭ پاكىتى، ھۆججىتى، ئىلمىي ئاساسى قانچىلىك بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىپ كەتمەيمىز... غەززالى ھەرىتىم كىچىكىدىنلا بۇ خىل ئېسىل روھتا ئۆسكەن. ئىش - ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان قىممەتلىك روھنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن ۋە ھەرقانداق ئىشقا شۇ روھ بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا ئۇ ئىلىمنىڭ كاتتا

چوققىسىغا چىقالىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلغان، ئۆزى دۇچ كەلگەن ئىشلارغا پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، لوگىكا... قاتارلىق ئىلىملەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ پىكرىگە باھا بېرەلىگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى يەكۈنلەپ چىقالىغان. سىلەرمۇ ئوقۇۋاتىسىلەر، ئىزدىنىۋاتىسىلەر ياكى ياشاۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ ھەربىر قەدىمىڭلار مىڭلاپ سوئالغا پۈتلىشىدۇ، مىڭلاپ مەسىلىلەرگە تولغان بولىدۇ. ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىڭلار، ھەرگىزمۇ ئىلىمدە يالغانچىلىق قىلماڭلار، تۇرمۇشقا ساختىپەزلىك ئىشلەتمەڭلار، ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش قىلماڭلار، ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىپ قېلىپلا كۆرەڭلىمەڭلار. بىزدە «قۇرۇق قاپاق بەكرەك شاراقشىيدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار، ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ ۋارقىرىمىغان، ھە دېسىلا باشقىلاردىن قۇسۇر تاپىدىغان، خەقنىڭ قىلغان ئىشىنى «بولماپتۇ»غا چىقىرىۋېتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ بىلىمسىز كىشىلەردۇر. بىلسەڭ سۆزلىگىن، ياخشىلىق سۆزلىگىن، بىلمىسەڭ جىم تۇر، سۈكۈت قىلىپ ساقلا، سۆزلەش ئۈچۈن، سۆزلىيەلىگۈدەك بولۇش ئۈچۈن بىلىم ئال، ئۆگەن. جەزمەنكى ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ ئايرىيالىغۇدەك بول. ئۇقتۇڭلارمۇ بالىلىرىم...

— بىلدۇق...

بوۋاي يەڭگىل تىندى. ئۇ خېلىلا مۇلايىم، ۋەزمىنلىشىپ قالغانىدى. گەپلىرى تەمكىن، ناھايىتى

ئۇرانى يۇمشاق ئىدى. ئۇ سۇ ئىچىپ سەل توختىۋالدى، ئاندىن گۇلخانغا ئوتۇن تاشلاپ قوي دېگەندەك بەردىگە ئىشارەت قىلدى.

ئوت تۇتاشتى. گۇلخانىنىڭ يورۇقى بوۋاينىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ سارغايغان بەتلىرىنى يورۇتتى.

— مەن «ھەقىقىي بىلىم» نىڭ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە ئايدىڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ھەرقانداق گۇمان، زىت نەزەرىيە، ساختىلىق ياكى زىددىيەت بولمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. رىئاللىق بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ خىل مۇستەھكەم ئىشەنچنى بەزىلەر يالغان دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان، ھاسىنى يىلانغا، تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان كارامەت كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئۆزگەرتمەيسەن. ئالايلۇق، مەن ئوننىڭ ئۈچتىن چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ناۋادا بىرەرسى ماڭا: «خاتا، ئۈچ ئوندىن چوڭ» دېسىمۇ، كارامەت كۆرسىتىپ تاشنى ئالتۇنغا، ھاسىنى يىلانغا ئايلاندۇرۇپ ماڭا ئىسپات كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسپاتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، تونۇشۇمغا قىلچە شەك كەلتۈرمەيمەن. مەن يەنە ئومۇمەن مەن بىلمىگەن ۋە مەندە قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزالمىغان نەرسىنىڭ ساختا بولىدىغانلىقىنى؛ ساختا بىلىمنىڭ «ھەقىقىي بىلىم» بولالمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

— كۆردۈڭلارمۇ، مانا بۇ بىلىمگە بولغان ئىشەنچ، ساداقەت مەسىلىسى، يىگىتلەر، گەپنىڭ ئاھاڭىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە قارىمايلى، بەلكى ئەسلىي ھەقىقەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

قــانداق ئىكەنلىكىگــە قــارايلى. هــەتتا بــەزى چــاغلاردا سەپســەتە، يالغــانچىلىقمۇ خــۇددى راســت ھەقىقەتتــەك قىياپەتتە مەيدانغا چىقىدۇ. مانا بۇ سىنىڭ ئىلىمىڭنى، مــەيدانىڭنى ســىنايدىغان ھــەقىقىي پــەيت. بــەزىدە يالغــانچىلىق، مۇشــتۇمزورلۇق، ھەســەتخورلۇق شــۇنداق چىرايلىق ياسىنىپ مەيدانغا چىقىدۇكى، سەن كىمنىڭ راســت، كىمنىــڭ يالغــان ئىكــەنلىكىنىمۇ ســېزەلمەي قالىســەن. يالغــان گەپــكىمۇ ئىشــىنىپ كېتىســەن ـ دە، ھەقىقىي ئىلىملىك ئۆلىمالارنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋايسەن، ھەقىقەتنىمۇ دەپسەندە قىلىسەن. مانا بۇ ئىلىمنىڭ، ئىلىملىكلەرنىڭ پاجىئەسى...

بــوۋاي بىــردىنلا توختــاپ قــالدى. قاشــلىرى ھىمىــرىلدى. كــۆزىدىن قــانداقتۇر ســوغۇق نــۇر چاقنــاپ كــەتتى. ئــۇ گــەپ قىلىۋېتىپلا توختــاپ قالغانچە خېلى ئۇزۇنغىچە سۇس يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قارىغىنىچە قېتىپ قالدى. تۆت يىگىت بوۋاينىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشــكە دەســلەپ دىققــەت قىلمىغــانىدى. ھاشــىم بــەردىنى تۇتــۇپ ئىشــارەت قىلغــاندىلا ھەممىســى بوۋايغــا دىققـــەت قىلـــدى. بوۋاينىـــڭ خىيـــالى نەلەرگـــىدۇر كەتكـــەنىدى. ئـــۇ قاشـــلىرىنى چىـــڭ ھىمىرگـــەن، قوشۇمىســـىنى تۈرگـــەن ھـــالدا بىـــر نۇقتىغـــا تىكىلىـــپ قېتىپ قالغانىدى. باللار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. لېكىـــن ھـــېچكىم بوۋايـــنى چـــاقىرىش يـــاكى ئۇنـــىڭ دىققىتىـــنى تارتىشـــقا پـــېتىنالمىدى. ســۈكۈت... ئــۇزاق داۋاملاشتى. ئاخىرى بــەردى قەســتەن «ئۆھــۆ، ئۆھــۆ» دەپ

قاتتىق يۆتىلىپ بوۋاينى چۆچۈپ ئۆزىگە كېلىشكە مەجبۇرلىدى.

— هە... هە...

بوۋاي ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى، ئۇڭايسىزلىقتىن قۇتۇلاي دېدىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا دەرھال ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى...

— بوۋايغا نېمە بولدىكىنە؟ — دېدى خالىد تەئەججۈپلىنىپ.

— بىز غەززالىنىڭ روھىنى ئىزدىمەي ئالدى بىلەن بوۋاينىڭ روھىنى ئىزدىسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بەردى پىچىرلاپ.

— قارىغاندا ئۇنىڭ دەردى - هەسرىتى خېلى باردەك قىلىدۇ. بولمىسا بۇ جاڭگالدا نېمە بار، يەنە كېلىپ كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە، يۇرت ئىچىدىمۇ كۆپ ئەمەس مۇنداق ئادەملەر...

— هەي.. ئۆزى بىلەر...

بەردى قوپۇپ سۇ ئىچتى ۋە گۇلخانغا ئوتۇن تاشلىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار غۇچچىدە ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي شۇنچىلىك قاپقاراڭغۇ كېچە بولغانىدىكى، گۇلخاننىڭ ئوتى بولمىسا ئون قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى پەرق ئېتىشمۇ مۇشكۇل ئىدى. توغراقلىق تېخىمۇ سوغۇق، قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.

— ئەتىگۇ ئالەم ئوبدان بولغىدەك، — دېدى بەردى گەپنى بۇراپ.

— بوۋاينىڭ دېگىنىدەك ماڭساق يولنى تاپالارمىز -

ھە؟ بىر سائەت ماڭساڭلارلا توختىماي ئادەم ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يولغا يېتەلەيسىلەر دەيدۇ، مەنغۇ ئىككى كۈن ماڭسىمۇ ئادەم بار جايغا بارغىلى بولامدۇ، يوق، بىلمىدىم.

— خاتىرجەم بول. تاپقىلى بولىدۇ دېگەندىن كېيىن تاپقىلى بولىدۇ. ئورۇنسىز ئىشلاردىن ئەنسىرىمە، ئاكاڭ قارىغاي بار يەردە يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيتتىڭ.

— ھەي سولتەك، قۇيۇندىن ئۈركۈپ چاپقان ئاتنى يۈگەن قولۇڭدا تۇرۇپ توختىتالمايسەنۇ، يەنە نېمىگە پو ئاتىسەن؟

— ئۇ دېگەن ئۇ، بۇ دېگەن بۇ...

— ھەي، شۇ چاغدىمۇ سەن بار، ھېلىھەم بارى يەنە شۇ سەن.

— ۋاي قويە مۇشۇنداق يىرىگىلىقنى، بوۋاي يالغان گەپ قىلمايدۇ. جاڭگالنىڭ نېرى - بېرىسىنى سەن بىزدىن ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ماڭساق نەق تاپىمىز، تاپالمىساق قايتىپ كېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرارمىز. يا بوۋاينىڭ قويىنى بېقىشىپ، ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا قاراپ ياتمامدۇق. بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەنغۇ مانا...

— قويە، قويە... بۇ جاڭگالدا ئاشۇ بوۋايلا تۇرسۇن، كۆڭلىدە بىر گەپ بار، بولمىسا ئۇمۇ بىر كۈن تۇرمايدۇ بىر يەردە. ھەقنى شۇنچىۋالا چۈشەنگەن ئادەم، بىلىدىغان ئادەم قوي بىلەنلا ياشاشقا رازى بولارمۇ سېنىڭچە...

ھاشىم بىلەن بەردى تازا قىزىپ سۆزلىشىۋاتاتتى،

تۇساتتىنلا بوۋاي قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن لوككىدە چىقىپ كەلدى. ئىككىيلەن قىزارغىنىچە جىم بولدى ۋە باشلىرىنى سالپايتقىنىچە دەررۇ كۆتەككە ئولتۇردى. خالىد بىلەن ساۋۇت ئىككىسىنىڭ ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ كېتىشلىرىنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى مىڭ تەستە تۇتقان هالدا بويىنىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشتى. هاشىم بىلەن بەردى بوۋاي ئەمدى نېمە دەركىن دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بوۋايغا قاراپ قويۇشتى. بوۋاي هېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر غەمكىنلىك ئۇقچۇپ تۇراتتى. چىرايى سۇرلۇك، قاپىقى تۇرۇك ئىدى.

— غەززالى بۇ ئەسىردە ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش سەپىرىنى بايان قىلغان. ئۇ بىلىم ئىزدىگۈچىلەرنى تۇرگە بۆلگەن. هەرقايسىسىنىڭ ئالاهىدىلىكى، مەقسىتى، ئارتۇقچىلىقى، ئاجىزلىقىنى بايان قىلغان. پەلسەپە تەرەپدارلىرى، سوپىزمچىلار، پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى تەپسىلىي مۇهاكىمە قىلغان هەمدە هەربىر پەن، ئىلىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاهىدىلىكىنى بايان قىلغان، كەمچىلىكلىرىنى شەرهلىگەن. مانا بۇ قىممەتلىك روھ، بىز تۇرمۇشتا تۈرلۈك - تۈمەن هۈنەر - كەسىپ، ئىش - ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىمىز. هەممىسىنىڭ ئۆز ئالاهىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى، شۇنداقلا كەمچىلىكى بار. بىز مانا شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بەزى هۈنەرلەر بىزدىن بەكلا ئەقلىي، ئەمەلىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزىلىرى ساپلا خىيال،

تەسەۋۋۇر، بەزىلەرنى ئۆيدىن چىقماي قىلىدىغان گەپ. بەزىلىرىنى سىرتتىن كىرمەي. بەزىلىرى بىزنى بەكلا قۇسۇرچى، زىغىرچى قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۆگىنىۋاتقان ئىلىم ـ پەن، كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، دېيىلىۋاتقان گەپلەر راستمۇ ـ ئەمەسمۇ، توغرىمۇ ـ خاتا، ئەمەلىيەتكە، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ، يوق؟ تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر تولىمۇ قىممەتلىك بىر ئەۋلادسىلەر. ئۇمىد بىلەن ياشاڭلار، مەيلى قانداق ئېغىر قىيىنچىلىق، مۇشكۇلچىلىككە ئۇچرىماڭلار ھەرگىز ئۆزۈڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار، ئاغرىنىش بىلەن ئەخمەقلىق قىلماڭلار.

بوۋاي بىردەم توختىۋالدى. ئۇنىڭ قاپىقى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كەتكەندەك ئىدى. كۆزى ئوتتىن، قىپقىزىل يالىلداپ يېنىۋاتقان ئوتتىن ئۇزۇلمەيتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈشكە پېتىنالمىدى. بوۋاي خېلىغىچە جىددىي كەيپىياتتا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى ئوتتىن ئۈزمەيلا يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

ـــ ئەخمەقلىق قىلماڭلار، يەنى ئۆزۈڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، ئېسىل خۇلقۇڭلار، پاك تەبىئىتىڭلار، ئۆلمەس روھىڭلاردىن ئايرىلىپ قالماڭلار. بارلىق يوقىتىشلار ئىچىدە ئۆزىگە خاس روھىي ئەنئەنىنى يوقىتىپ قويۇشتىمۇ ئېغىر مەھرۇملۇق بولمايدۇ. مەيلى قەيەردە بولماڭلار سەممىي، ئاق كۆڭۈل ياشاڭلار، غۇرۇرۇڭلار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىڭلار. كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت، خۇسۇمەت، يامانلىق، ئىپلاسلىق

قىلماقلار. ھەسەت ئاپەتتۇر. ھەسەت يىلاندۇر. ھەسەت ئەڭ رەزىل دۈشمەندۇر، ھەسەت سېنى ئاستا - ئاستا سېسىتىپ، چىرىتىپ مۇناپىقلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىبلىستۇر.

بوۋاي مۈشتۈمىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراپ كەتتى. ھاشىم بىلەن بەردى چۆچۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى - يۇ، جىم بولۇشتى. بوۋاي چىڭ ھىمىرىلغان مۈشتۈمىنى سىلكىپ - سىلكىپ قويۇپ توختىدى - دە، چوڭقۇر نەپەسلىنىپ ئۆزىنى بوشاتتى ۋە گېپىنىڭ ئۇرانىنى يۇمىشىتىپ داۋاملاشتۇردى.

— ھەسەتنىڭ بېشى نەدە؟ يامانلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟ ئىلمسىزلىك يامان نەرسە، ئەمما غايە - ئېتىقادسىزلىق تېخىمۇ قورقۇنچاقتۇر. مانا شۇنىڭ يوقلۇقىدىن قەلب قارىداپ كېتىدۇ. ئىلىممۇ توغرا يولغا ئىشلىتىلمەيدۇ. بەدەندىكى كۈچ، روھ، ئەقىل، ۋاقىت، ئىقتىساد ھەممىسى يامانلىق ياكى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ يۈرىكى قانغا تولىدۇ. قەلبى دەردۇھەسرەتتىن خۇن بولىدۇ. ئىلىم چەيلىنىدۇ. ئەخلاق بۇزۇلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پاكىز، ئەزىز، ساغلام روھى چىركىنلىشىپ كېتىدۇ...

بالىلىرىم، ئىنسان بەكلا قىممەتلىك. سەمەرە ئۇ كاتتا مۆجىزە، ئۇنىڭ روھىناتى شۇنچە پاكىز، سۈزۈكلۈكنى خالايدۇكى، ئۇنى قانچە پاكىزلىساڭ ئۇ شۇنچە پارقىرايدۇ، شۇنچە ئازادىلىشىدۇ. شۇنچە كەڭ قورساق، سەمىمىي، مۇلايىم، مېھرىبان بولۇپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ روھى

شۇنچە بەردەمكى، سەن ئۇنى چېنىقتۇرغانسېرى ئۇ شۇنچە مۇستەھكەم، چىدامچان، تاقەتچان، غەيرەتلىك، تىرىشچان بولىدۇ. تاغدەك ئېغىر قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ. ئىنساننىڭ روھى شۇنچە ئۇلۇغكى، سەن ئۇنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرەي، پاكىزلاي، ئېرىغداي، ئۇنىڭدىن يامانلىقنى، رەزىلىكنى ھەيدەي دېگەنسېرى ئۇ شۇنچە ئۇلۇغ، بۇيۇكلىشىدۇ. ھەقىقەتكە يېقىنلىشىدۇ. مانا مۇشۇ روھى ھالەتلەرنى قەدىرلەيدىغانلار، ئاسراپلار، ئۇنى ھەرقانداق، ھەتتا كىچىككىنە داغ، مەينەتچىلىك، يامانلىق، غەيۋەت - شىكايەت، چوڭچىلىق، ھورۇنلۇق، بىكارچىلىق، ئەزىملىك، چۈشكۈنلۈكتىن يىراق قىلىدىغانلار. بىلىمگە، روھنىڭ ساغلام، پاكىزلىقى ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ساغلام، مۇۋەپپەقىيەتلىك، مەنىلىك ياشىشىنىڭ ئاساسى. تىرىشچانلار، بارلىق ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىشلەش، ياشاش... ھەممە، ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ روھىمىزنى تاۋلايدىغان، سىنايدىغان، پىشۇرىدىغان جەريانلار. بەزىلەر ئىلىم ئارقىلىق، يەنە بەزىلەر ئەمگەك ئارقىلىق، يەنە بەزىلەر باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق روھىنى تاۋلايدۇ. ئەمما جەريان ھەرخىل، ئۇسۇل باشقا - باشقا بولغان بىلەن ماھىيىتى ئوخشاش. ئىنسان ياشاۋاتىدۇ، قانداق ياشاۋاتىدۇ؟... مەنىلىكمۇ ياكى مەنىسىزمۇ؟ كىشىلەرگە پايدا - نەپ، ياخشىلىق يەتكۈزۈپمۇ ياكى زىيانمۇ؟... ئى ئادەم، ئى بالام، بىز بىرلا قېتىم كېلىمىز دۇنياغا، بىرلا رەت كېلىمىز جاھانغا، ياخشىلىق قىلايلى، ياخشىلىق

تىلەيلى، گۈزەللىك، پاكىزلىق، ياخشىلىق، مېھربانلىق، مۇھەببەت ئىزدەيلىكى، ئارىمىزنى تۇرغا تولدۇرايلىكى، ئادەملىكىمىزدىن خۇرسەن ياشايلى. ئادەملىكىمىزدىن مەمنۇن ياشايلى. ئىنسانلىقىمىزدىن مەغرۇر ياشايلى. ئىنسان بولغىنىمىزدىن زارلاپ، قاقشاپ ئەمەس، بەلكى كۈلۈپ، يايراپ، رازى بولۇپ ياشايلى.

ھەممىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە مېھرى قانسۇن!...

بوۋاينىڭ ساقاللىرىنىڭ ئارىسى نەمدىلىپ كەتتى. ئۇ بوغۇلۇپ سۆزىدىن توختىدى ۋە كۆزىنى يۇمغىنىچە پايانسىز ئاسمانغا، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆككە يۈزىنى تۇتۇپ ئۇزۇن تۇردى. قېنىپ نەپەس ئالدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خەير، باللىرىم، مەن ماڭغاچ تۇراي، — دېگىنىچە ھۇجرىسىغا ماڭدى. تۆتەيلەن بوۋاينىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە قالدى، كېچىمۇ چەكسىز سوزۇلۇپ قالدى. جاڭگالمۇ... گۈلخاندىكى ئوتلار تېخىچە ئۆچمىگەن، قىپقىزىل چوغ يالقۇنجاپ تۇراتتى.

# مەنزىلىم بار ئادەممەن

سىرتتىكى تاراق - تۇرۇقتىن بالدۇرلا ئويغىنىپ كەتكەن بەردى خېلىغىچە ھەمراھلىرىنىڭ ئويغىنىشىنى ساقلاپ ياتتى. لېكىن ھېچقايسىسى ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تۇن تەڭدىن ئاشقاندا ياتقاچقىمۇ ئۇلارنى ئۇيقۇ باسقانىدى. بەردى ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ياتتى. لېكىن سىرتتىكى تاراق - تۇراق خىيالىنى بۆلۈپ تۇردى. ئۇ ئاخىر باشقىلارنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

— قوپۇڭلار ئاغىنىلەر، ئەمدى سەپەر كۇنى ئاپتاپ چۇشكىچە ئۇخلاپ ياتقان نەدە بار؟ ھېلى جاھان قىزىپ مېڭىشىمۇ تەسكە توختايدۇ. سەپەرنى سەھەر باشلىغۇلۇق. قوپۇڭلار، كۇن تىكلىپ بولغۇچە يولنى تېپىۋالمىساق چۆلدە ئۆلۈكىمىز قالىدۇ بىكار، مەن چىققاچ تۇراي، بولۇڭلار تېز.

ھەممىسى مىڭ تەستە ئېزىلىپ سۆرۈلۈپ قوپۇشتى، بەردى سىرتقا چىقىپ ھەيرانۇ ھەس قالدى. بوۋاي بىردىن ھارۋا قېتىلغان ئىككى تۆگىنى تەقلەپ قويغان، بىرسىگە بىر مۇنچە يۇك - تاق بېسىپ قويغانىدى.

— قوپتۇڭلىمۇ، — دېدى بوۋاي بەردىگە قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشى بىلەن بولغاچ، — تېز چاي - پاي

ئىچىڭلار، يەنە ماگمىساق چوڭلىنىڭ قىزىقى پىشۇرۇپ قاق قىلىدىغان ئوخشايدۇ بۇگۈن.
بەردى ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدى. لېكىن گەپمۇ سورىمىدى. بالىلارمۇ ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. ئالدىراپ - تېنەپ ناشتا قىلدى ۋە قالدى - قاتتى نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەييار بولدى.
— بۇ كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەر، يەنە كېلىپ يۇرتقا بېرىپ كېلىدىغان يولنى پىشىق بىلىدۇ، ھارۋىغا چىقىپ ئوڭدا ياتساڭلارمۇ سىلەرنى بىمالال يۇرتقا يەتكۈزىدۇ. مانا بۇ سۇ، نان، ئەمىسە چىقىڭلار...
تۆتەيلەن بوۋايغا نېمە دېيىشىمۇ بىلمەي قالدى.
— بىز...
ھاشىم ئەمدىلا ئېغىز ئېچىۋىدى، بوۋاي قولىنى شارتتىدە كۆتۈردى.
— ماڭا رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق، ساق - سالامەت بېرىپ بوۋاڭلارغا ياردەملەشسەڭلارلا بولىدى. ياخشى ياشىساڭلار ئەنە شۇ كاتتا رەھمەت.
بالىلار گەپ قىلمايلا تۆگىنى يېتىلەپ بوۋاينىڭ شاخ بىلەن قورشالغان ھويلىسىدىن ئۈزاپ چىقتى. بوۋايمۇ يۈك بېسىلغان يەنە بىر تۆگىنى يېتىلەپ ئارقىدىنلا چىقتى.
— ماڭا ھەيران بولماڭلار، — بوۋاي يۈك - تاقلىرىنىڭ چىڭ تارتىلغان - تارتىلمىغانلىقىنى تەكشۈرگەچ سۆزلەشكە باشلىدى، — راست دەيسىلەر، ئىنساننى تەرك ئېتىپ ھايۋان بىلەنلا ياشاش مەندەك



www.uyghurkitap.com

ئادەمگە ياراشمايدۇ. مەن بۇنى بىلمەمدىمەن. بىلىمەن... ئوبدان بىلىمەن... لېكىن ھەسەت جېنىمغا پاتقانىدى. ئازار يېگەنمەن، شۇ تۇپەيلى مانا شۇ جاڭگالغا قېچىپ كېلىپ ئۆز دۇنيارىمغا كىرىۋالغانمەن... جاھان ئۆزگەردى دەپ ئاڭلاپ باردىم، لېكىن يەنە شۇ ھەسەت، چەتكە قېقىش... بىر - بىردىن قىزغانمايدىغان ھايۋان ياخشىمىكىن دەپ يەنە بۇ جاڭگىلى ئەزىمگە كېلىۋالغانىدىم...

بوۋاي سۆزىدىن توختاپ بۆككىدە قېرى توغراقلار ئارىسىدىكى كەڭ قورۇغا، ئېغىلغا ۋە يىراق - يىراقلارغىچە تۇتىشىپ كەتكەن جاڭگالغا كۆزىنى قىسىپ ئۇزۇن قاراپ كەتتى ۋە بىر ئۇھ تارتقىنىچە تۆتەيلەنگەن قاراپ دېدى:

— سىلەر كەلدىڭلار، قەلبىم ئىنساننىڭ يەنىلا سۆيۈملۈك، ئەزىزلىكىدىن بولىدىغان مۇھەببەت بىلەن تولدى. نەچچە كۈن ئېغىر تەشۋىشلىق، زىددىيەت ئىچىدە يۈردۈم. بۈگۈن سىلەر كەتسەڭلار ئەمدى مەن بۇ جاڭگالدىن قورقىمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن ئىنسانغا خاس نازۇك تۇيغۇلىرىمنى پېچەتلەپ، بېسىپ، قاپىقىمنى تۇرۇپ ياشاپ كەلگەنىدىم. شۇڭا قورقمايتتىم. مانا ئەمدى قەلبىم توساتتىنلا نازۇكلىشىپ كەتتى. مۇھەببەت، ئىنسانىي سۆيگۈ قەلبىمنى ئېرىتىۋەتتى. غەززالىنىڭ نەسھەتلىرى مېنى ئەزدى. ئۇنىڭ ھەربىر «ئەي بالام، ئەي بالام» دېگىنىنى ئاڭلىسام، ئويلىسام، تىترەپ، يىغىدىن ئۆزۈمنى تۇتالمايلا قالىمەن، مەن

ئەمدى قورقىمەن بۇ جاڭگالدىن. مەن ئەمدى قورقىمەن بۇ يالغۇزلۇقتىن، مەن ئەمدى قورقىمەن مۇنداق ئىنسانسىز تۇرمۇشتىن.

بوۋاي تىترەپ سىلكىنىپ كەتتى، كۆز يېشى يەنە تاراملاپ تۆكۈلدى. باللار بوۋاينى مۇنداق ياش تۆكەر دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

— سىلەرگە رەھمەت باللىرىم. بىز غەززالىنىڭ گۇلخانىنى نەچچە كېچە ياندۇردۇق. قەلبىمدىكى قاراڭغۇلۇق، ئاغرىنىشنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاشۇ گۇلخانىنىڭ يورۇقىدا كۆردۇم، ئاھ... ئەمدى مەن كېتىمەن...

— نەگە كېتىسىز، بوۋا!.. — سورىدى ھاشىم.

— ئىنسانىنىڭ ئارىسىغا... مەيلى نەدە بولسام مەيلى، بېشىم نەگە سىغسا شۇ يەرگە مۇھەببەت قوياي.

— ئەمىسە بىز بىلەن كېتىڭ. بىللە ياشايلى.

— ياق، بالام. مېنىڭ ئالدى بىلەن بېرىپ قىلىدىغان ئىشىم بار. مەن ئەڭ ئالدى بىلەن سالام بېرىدىغان كىشىلەر بار، مەن ئاۋۋال ئۇلارغا سالام بېرەي، جاھاننى تەرك ئەتكەن بىر مىسكىن بەندىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتاي، ئاندىن بىرەر يەرگە ماكانلىشىپ قايتىپ كېلىپ بۇ جاڭگالدىكى روزغارىمنى كۆچۈرەي. لېكىن كېيىنچە چوقۇم سىلەرنى يوقلاپ بارىمەن. شۇ چاغدا غەززالىنىڭلا ئەمەس، يەنە باشقا ئەللامىلارنىڭ گۇلخانىنىمۇ ياندۇرىمىز.

— بىز ساقلايمىز...



www.uyghurkitap.com

— مېڭىڭلار ئەمىسە.
— خوش، بوۋا، رەھمەت سىزگە...
بوۋاي تۆگىنى يېتىلەپ توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كېيىن باللار بوۋاي كۆرسىتىپ قويغان يۆنىلىشكە قاراپ تۆگىنى ھەيدىدى.
— نەگە ماڭدىڭلار؟..
نەلەردىندۇر بوۋاينىڭ ئاۋازى كەلدى. بەردى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارىدى.
— خاتا ماڭدۇقمۇ؟...
— بوۋاي دېگەن يول مۇشۇ شۇغۇ؟ — دېدى خالىد ئۇيان - بۇيان قاراپ.
— ئۇنىڭ دەۋاتقىنى بۇلا ئەمەس، بەردى، بولدى، تۆگىنى قويۇۋەت، مېڭىۋەرسۇن، يولىمىز توغرا...
— ئەمىسە نېمىشقا يەنە نەگە ماڭدىڭلار دەپ سوراپ يۈرىدۇ؟ — خالىد قايتۇرۇپ سورىدى.
— نەگە ماڭدىڭلار؟.. بۇ بىر ئۆمۈرلۈك سوئال. ئۇ ھاياتىمىزغا سوئال قويماقچى، — دېدى ھاشىم ئويچان ھالدا، — بۇ نېمىدىگەن مەنىلىك سوئال - ھە!..
تۆتىلىسى جىمىپ قالدى. تۆگە بىر خىلدا ئەزمىلىك بىلەن قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ كېتىپ باراتتى. چۆل پايانسىز ئىدى. يۇلغۇن، توغراقلار، بىر - بىرىگە مىنگىشىپ سوزۇلۇپ ياتقان قۇم دۆۋىلىرى كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنزىلىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى...